2002
ژىل
سېنتەبىر
№9
(4156)

# يېڭى هايات

Йеңи һаят

جۇمهۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

## ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئالتۇن بوشۇگى

يېقىندا ئالمۇتىدا جۇمهۇرىيەتلىك دۆلەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق - كومېدىيە تىياترى يېڭى بىناسىنىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلىش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا جۇمهۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ قاتناشتى.

بۇ كۈنتى پەقەت ئۇيغۇر تىياترىنىڭ كوللېكتىۋىلا ئەمەس، پۈتكۈل خەلقىمىز تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەنلىكى ھەقىقەت. تىياتر قۇرۇلۇشى تۇراقلىق ھۆكۈمەتنىڭ، جۈملىدىن نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولدى. نەق شۇڭلاشقىمۇ تىياترنىڭ يېڭى بىناسىنىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلىش مەراسىمىغا پرېزىدېنت ئۆزى شەخسەن قاتناشتى.

سائات 15.40. پرېزىدېنت كورتېژى زامانىۋى ئۈلگىدە سېلىنغان ئۇيغۇر تىياترى بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. باياتىن بېرى ياڭراۋاتقان ناخشا - ساز بىردىنلا ناغرا ساداسى بىلەن ئالمىشىپ، شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىزلار ھۆرمەتلىك مېهماننى گۈلدەستىلەر بىلەن قارشى ئالدى. پرېزىدېنت تەنتەنىلىك رەۋىشتە لېنتىنى قىيدى. پروتوكول بويىچە بۇ مەراسىمغا، شۇنداقلا مەدەنىيەت، ئەخبارات ۋە جەمىيەتلىك رازىمەنلىك مىنىستىرى مۇختار قۇل - مۇخامېت، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ھاكىمى ۋىكتور خراپۇنوۋ ۋە ئۇيغۇر تىياترىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدىيېۋ قاتناشتى.

نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان شەخسلەر تىياتر بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە كۆتىرىلىپ، تىياتر مۇزېيىنى كۆزدىن كەچۈردى. مۇرات ئەخمەدىيېۋ مۇزېي ئېكسپوناتلىرىغا قىسقىچە توختىلىپ، چۈشەنچە بەردى. ئۆز نۆۋىتىدە پرېزىدېنت مۇزېينىڭ بېزىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئېكسپوناتلارنىڭ خىلمۇ- خىللىقىغا قايىل بولغانلىقىنى يوشۇرمىدى.

ئاندىن پرېزىدېنت تاماشىبىنلارغا لىق تولغان زالدىن ئورۇن ئالدى ۋە قىسقا بايراملىق كونسېرتنى تاماشا قىلدى.

تىياتر دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدىيېۋ قىسقىچە ئۆتۈق سۆزلىرى، ئاندىن گۈلدۈرلىگەن ئالقىش سادالىرى ئاستىدا سەھنىگە نۇرسۇلتان نازاربايېۋ كۆتىرىلدى.

- مەن سىلەرنىڭ بۈگۈنكى بۇ خۇشاللىقىڭلار بىلەن ئورتاقلىشاي دەپ ئەتتەي موشۇ يەرگە كەلدىم. تىياترىڭلار مۇبارەك بولسۇن! - دەپ باشلىدى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ تەبرىك نۇتقىنى. - موشۇ كەڭ ۋە ئازادە زال دايىم تاماشىبىنغا لىق تولسۇن، ئارتىستلارنىڭ مەرتىۋىسى ئۆستۈن بولسۇن. قازاقستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇنىڭ ئىچىدە قازاق بىلەن ئۇيغۇر تومۇرى بىر تۈركىي خەلق. بىزنىڭ ناخشا - سازىمىزمۇ، سۆزىمىزمۇ يېقىن. شۇڭلاشقا بىز ئەسىرلەر داۋامىدا بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. شەخسەن ئۆزەم ئۇيغۇر خەلقىگە دايىم ھۆرمەت بىلەن قارايمەن. ئۇلار قازاق خەلقى بىلەن يانمۇ- يان تۇرۇپ ئېلىمىزنىڭ ھەم ئىقتىسادىي، ھەم مەدەنىي تەرەققىياتىغا مەلۇم تۆھپىسىنى قوشۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە سىلەردىن يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق، ئەكسىچە، مېنىڭ سىياسىتىمنى دايىم قوللاپ- قۇۋەتلەپ كېلىۋاتقىنىڭلارغا رەخمەت ئېيتىمەن!..

ئاندىن نۇرسۇلتان نازاربايېۋ تىياترنىڭ ھۆرمەتلىك مېهمانلارغا بېغىشلانغان بولمىسىدە بىر توپ زىيالىلار بىلەن ئۇچراشتى.

بۇ ئۇچرىشىشتىن ئۆستۈن كەيپىيات بىلەن چىققان پرېزىدېنت تىياتر ھويلىسىدا جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى. ناغرا ساداسى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ تۇرغاچقىمۇ ياكى باياتىن شوخ ئۇسسۇللىرىنى بىر پەس توختاتمىغان ئۇسسۇلچىلارغا قايىل بولدىمۇ، ئۇ ھېچ كىم كۈتمىگەن يەردىن مۇرات ئەخمەدىيېۋنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدىدە، ئۇنىڭ بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بۇ نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان ھۆرمەت - ئېهتىرامىنىڭ ئىپادىسى بولدى.

ئىۋرايىم باراتوۋ.

## مۇھىم ئىقىم مەسىلىلىرى

### قىرغىزستاندىكى ئەھۋال

**ئوپپوزىتسىيەنىڭ بىشكەككە قىلغان پىيادە مارشى ئاياقلاشتى. نارازىلىق تۈگىمىدى**

قىرغىزستان ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ پىيادە يولغا چىققان مىڭغا يېقىن ئوپپوزىتسىيە ۋەكىللىرىنى ئاۋتوبۇسلارغا ئولتارغۇزۇپ قاراكول شەھىرىدىن ئۆيلىرىگە يەتكۈزدى. مەملىكەت جامائەتچىلىكى يۈز بەرگەن ۋاقىئەنى چۈشىنىشكە ۋە كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن - ئالا ئېيتىپ بېرىشكە تىرىشماقتا. ھەممە ئىش دېپۇتات ئا. بېكنازاروۋنى قولغا ئېلىشتىن باشلاندى. تەقىپلەنگەن سىياسەتچى قىرغىزستاننىڭ بىر قىسىم يېرىنى خىتايغا بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پرېزىدېنت ئا. ئاقايېۋقا ئىمپېچمېنت ئىش بىلدۈرۈش مەسىلىسىگە چاقىردى. بىر نەچچە نارازىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، (ئۇلارنىڭ بىرى جالالاۋات ۋىلايىتىنىڭ ئاقسى ناھىيەسىدە بولغاندا قان تۆكۈلگەن ئىدى) «ۋا - قىتلىق ئېچىلىق» بىتىم تۈزۈلدى. ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن قىرغىزستاننىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن پارلامېنت ئەزالىرى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئوپپوزىتسىيە ۋەكىللىرى - دېپۇتاتلار ئا. بېكنازاروۋ، ب. ئاسانوۋ، د. چوتونوۋ، شۇنداقلا ئاقسىلىقلارنىڭ «دېپۇتات بېكنازاروۋنى ھىمايە قىلىش كومىتېتى» جامائەتچىلىك بىرلەشمىسىنىڭ لىدېرلىرى ئىمزا چەكتى.

مەزكۇر ھۆججەتتە بېيىل 17 - 18 - مارتتا ئاقسىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ ئاساسىي ئەيىپكارلىرىنى جاۋابكارلىققا تارتىش تۇغرىلىق تەكىتلەنگەن ئىدى. دۆلەت مارش ئىشتىراكچىلىرىغا ۋە ھالاك بولغانلارنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرىغا 1,5 مىللىون سوم ئاجرىتىدۇ. كېلىشىم شەرتلىرىنىڭ بىرى - ئاقسىلىقلارنىڭ ئاقايېۋنىڭ ئىستىپاغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىش ۋە ئۆزىنىڭ - قۇتۇش ئۆچاستكىسىنى خىتايغا بېرىۋېتىش تۇغرىلىق كېلىشىمنى چاقىرتىپ ئېلىش.

ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىر قەدەر چارە - تەدبىرلەرنى كۆرۈپ كەسكىن ۋەزىيەتنى پەسەيتتى.

### ك خ د ج بىلەن كورېيە جۇمهۇرىيىتى «تېچلىق يولىنى» سالماقتا

يېقىندا شىمالىي ۋە جەنۇبىي كورېيەنى باغلاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى باشلاندى. بىر پۈتۈن ترانسكورېيە ماگىستىرالىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆمۈر يول ئۆچاستكىسىنى سېلىش «قۇياش ھارارىتى سىياسىتى» دەپ ئاتالغان جەنۇب بىلەن شىمالنى يېقىنلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ ئۇختىلىرىنىڭ بىرى بولدى.

تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى چېگارىدا چوڭ بايرام بىلەن نىشانلاندى. 50 ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان دەسلەپكى قېتىم «كاپىتالىستىك» جەنۇبنىڭ ۋەكىللىرى كوممۇنىستىك شالىي كورېيەنىڭ چېگارىسىدىن ئۆچۇق ئۆتتى.

كورېيە يېرىم ئارىلىدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەنى بېرلىن سېپىلىنى غۇلىتىش بىلەن سېلىشتۇرماقتا.

### كىيېۋتا «قوزغال ئۇكرائىنا» شارى ئاستىدا چوڭ مىتىنگ بولدى

30 مىڭ ئادەم ئىشتىراك قىلغان بۇ مىتىنگنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار ل. كۇچمانى پرېزىدېنت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىن چەتلەشتۈرۈشنى ۋە دۆلەت باشلىقىنىڭ مۇددەتتىن تاشقىرى سايلىمىنى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. پرېزىدېنت مەمۇرىيىتىنىڭ بىناسى ئالدىدا نامايىشچىلار چېدىرلار شەھەرچىسىنى بەرپا قىلدى، ئۇنى 17 - سېنتەبىر كۈنى ھوقۇق قوغداش ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئېلىپ تاشلىدى. نامايىشچىلارنى تارقىتىشتا 50 تىن ئوشۇق ئادەم قولغا ئېلىندى.

## 2003 - ژىلغا مۇشتىرى توپلاش باشلاندى

مۇھتەرەم گېزىتخان! جۇمهۇرىيەتتە 2003 - ژىلغا گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇش مەۋسۇمى باشلاندى. بىز سىلەر بىلەن مانا 30 ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان دوستلىشىپ كېلىۋاتىمىز. كۆپلىگەن ئائىلىلەر، مويسىپىتلەر ئۈچۈن «يېڭى هايات» ئەڭ يېقىن مەسلەكداش، سۆھبەتداش، مۇڭداش دوست بولۇپ كەتتى. گېزىتخانلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان خەت - ئىنكاسلار بۇنىڭغا يارقىن ئىسپات بولۇشى كېرەك. راس، 1999 - ژىلى مارتتىن باشلاپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى باشقا قىلىپ، ھۆكۈمەت «يېڭى هاياتنى» مالىيە بىلەن تەمىنلەشنى توختاتتى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان بىز گېزىتنى تامامەن توختىتىپ قويۇشنى لايىق كۆرمەي، ئۆز مەبلىغىمىز ھېساۋىغا ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ سىلەر بىلەن ئۆز كۆرۈشىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرگەن ئىدۇق. مانا شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ژىللىرى مۇمكىن قەدەر سىلەر بىلەن مۇنتەزىم رەۋىشتە ئېيىغا بىر قېتىمدىن كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىمىز.

بىز «يېڭى هاياتنىڭ» ھەر بىر ساندا قەھرىمان ۋە جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىنى، ئازاتلىق، ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەش تارىخىنى، قېدىمىي باي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى، ئەجايىپ دىيارلارغا تولۇپ تاشقان مەدەنىيىتىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان ماتېرىياللارنى، چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ هايات - پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلارنى ۋە شۇنداقلا گېزىتخانلىرىمىزنى قىزىقتۇرىدىغان خەلق ئارا ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى بېرىشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىمىز.

ئەندى 2003 - ژىلمۇ بىز بۇ يۆنىلىشتىكى ئىشنى داۋاملاشتۇرىمىز، شۇنداقلا، سىز، ھۆرمەتلىك گېزىتخانلارنىڭ تەلەپ - ئىستەكلىرىنى ئېتىۋارغا ئالغان ھالدا، خەلقىمىزنى قىزىقتۇرىدىغان، بىپەرۋا قالدۇرمايدىغان، تەشۋىشلەندۈرىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش نىيىتىدە بولىۋاتىمىز. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە سىلەرنىڭ ئىنكاسلىرىڭلار كېرەك.

«مەن ئۇيغۇر» دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان ھەر بىر ئادەم «يېڭى هاياتقا» 2003 - ژىلغا مۇشتىرى بولىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلىمىز.

شۇنداقلا، يەنە بىر ئەسكەرتىپ ئۆتىدىغان نەرسە، قازاقستان جۇمهۇرىيىتى مەدەنىيەت، ئەخبارات ۋە جەمىيەتلىك رازىمەنلىك مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاستە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن 2003 - ژىلدىن باشلاپ جۇمهۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى ئىلگىرىكىدەك 8 بەت ئەمەس، بەلكى 12 بەت بولۇپ نەشر قىلىنىدۇ.

«يېڭى هاياتنىڭ» ژىللىق مۇشتىرى بولۇش باھاسى جۇمهۇرىيەت تەۋەسى بويىچە 506 تەڭگە 88 تىيىن، ئالمۇتا شەھىرىدە - 492 تەڭگە 36 تىيىن، ئىندېكسى - 65359.

«ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئايرىم شەخسلەر ئۈچۈن ژىللىق مۇشتىرى بولۇش باھاسى جۇمهۇرىيەت تەۋەسىدە - 1077 تەڭگە 48 تىيىن، ئالمۇتا شەھىرىدە - 1014 تەڭگە 60 تىيىن، ئىندېكسى - 65357؛ كارخانىلار، مەھكىمىلەر، تەشكىلاتلار ئۈچۈن جۇمهۇرىيەت تەۋەسىدە - 1388 تەڭگە 52 تىيىن، ئالمۇتا شەھىرىدە 1325 تەڭگە 64 تىيىن، ئىندېكسى - 15357.

ياركەنت شەھىرىنىڭ قۇرۇلغىنىغا - 120 ۋىل

# ئۇسەك بويىدىكى تەنتەنە

قەدىمىي ئىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان، يەتتە سۇدىكى ئەڭ گۈزەل يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان ياركەنت شەھىرىنى بىلمەيدىغانلار، ئۇنى زىيارەت قىلمىغانلار كامدىن-كام بولسا كېرەك. قەدىمىي ۋە يېڭى شەھەرنىڭ تارىخى قىزىق - قىزىق ۋەقەلەرگە باي، تەرەققىيات يولى مۇرەككەپ ۋە پارلاق بولغان، بۇ جەريانلار ناھىيە تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ 120 ۋىللىق مەرىكىسى پۈتكۈل ناھىيە ئاھالىسىنىڭ ۋە يۇرتلارنىڭ چوڭ تەنتەنىسىگە ئايلاندى.

28 - سېنتەبىر كۈنى شەھەرنىڭ مەرىكىسىگە بېغىشلانغان تەنتەنە مەدەنىيەت ئۆيىدىن باشلاندى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەرمەنكىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئالغانلار ئاز ئەمەس. مەدەنىيەت ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقىنى بىلەنلا شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېكسپوناتلار بىردىن دىققەتنى جەلپ قىلدى. كەڭ زالنىڭ ئىچى ئادەملەرگە لىق تولغان. ھەممىنىڭ چېھرىسىدە كۈلكە، تەبەسسۇم. ياركەنت شەھىرىنىڭ 120 ۋىللىقىغا بېغىشلانغان تەنتەنىنى شەھەر ھاكىمى مۇرات خىزمەتوۋ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتى ھەققىدە دوكلاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە ھاكىمى ئىبراخىمبېت ئومارۇۋ سۆزگە چىقىپ، ياركەنتلىكلەرنىڭ بەرىكارلىق ئەمگەكچى، ئۇنى ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئىشەنچلىك داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. تەنتەنىدە سۆزگە چىققان ۋىلايەتنىڭ ۋە ناھىيەنىڭ پەخرىي پۇخرالىرى ئاسىم قۇربانوۋ، ئۆزىرايىمجان قوجاخمېتوۋ ۋە باشقىلار ياركەنت شەھىرىنىڭ ئۆتمۈش ھاياتى توغرىلىق خاتىرىلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى. بىلال نازىم نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئۇ. ئىلىياروۋ، جامبۇل نامىدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ل. دىمشىۋ ۋە باشقىلارنىڭ تەبرىك سۆزلىرى قىلىنغانلارنى تەۋرەتتى. تەنتەنىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئۇنى يېڭى غەلبىلەر بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرىغا گۈلدەستىلەرنى تەغدىم قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە ھاكىمى بىلەن شەھەر ھاكىمى ناھىيە بىلەن شەھەر ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە سپورت ساھاسىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا ئەمگەك سىڭگەن، ھازىرمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىۋاتقان چارە - تەدبىرلەرگە پائال قاتنىشىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە ناھىيەنىڭ ۋە شەھەرنىڭ پەخرىي پۇخراسى دېگەن نامنى بەردى. شۇنىڭدەك بىر قاتار ئاكتىپلارغا ناھىيە ۋە شەھەر ھاكىمىيىتىنىڭ پەخرىي يارلىقلىرى، دىپلوملىرى، ئۇرۇش ۋېتېرانلىرىغا تەبرىك خەتلىرى تەنتەنىلىك رەۋىشتە تەغدىم قىلىندى.

كۈندۈزى سائات بىردە شەھەر مەكتەپلىرى كوللېكتىۋلىرىنىڭ تەييارلاشتۇرۇلغان كولوننىلىرىنىڭ نامايىسى باشلاندى. ھەر بىر كولوننا ئۆتمۈش ھاياتىمىزنىڭ ھەر خىل دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن، ياركەنت پېدكوللېدژى كوچ - كوچ، ۋېلىۋاي دەۋرى، ۋەلىخانوۋ نامىدىكى مەكتەپ - 1916 - ۋىلقى لاشمانلىققا ئىبلىش، خېلىل ھەمرايېۋ نامىدىكى مەكتەپ - 1917 - ۋىلدىن باشلانغان ئۇلۇق ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى، بىلال نازىم نامىدىكى مەكتەپ - 1930 - ۋىللىرى باشلانغان ئاممىۋىي تەقىپلەش، كرۇپسكايا نامىدىكى مەكتەپ 1941 - 1945 - ۋىللاردىكى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە باشقا دەۋرلەرنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قايناق ھايات نەپەسىنى نامايىش قىلدى.

مىڭلىغان ئادەملەر ئۇلارنى كۆرۈپ چوڭقۇر ھاياجانلىققا چۆمدى، يۇرتىنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. دەسلەپكى كولوننىدا يەم - پاراسەتلىك، تەدبىرچان باي ۋېلىۋاي يولداشېۋنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جاپاكەش كوچمەنلەرنىڭ ۋۇرۇشى، گۈزەل يۇرت - ياركەنتنى بەرپا قىلىشتىكى خەلقىنىڭ شىجائەتلىك ئەمگىكى ۋە باشقا كۆرۈنۈشلەر نامايەندىلىرىنى ھاياجانلاندۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن تويغا كەلگەنلەر سەنئەت ئانسامبىللىرىنىڭ كونسېرتىنى تاماشا قىلدى. توي ناخشىرى كەچقۇرۇن شەھەردىكى مەدەنىيەت ئۆيى ئالدىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان بەيگىلەر - تاماشالارغا ئۇلاشتى. ئەتىسى شەھەردىكى مەكتەپ ستادىئونىدا فۇتبول كوماندىلىرىنىڭ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

قىسقىسى، ياركەنتنىڭ 120 ۋىللىق مەرىكىسى چوڭ داغدۇغىلىق، كۆڭۈللۈك ۋە قىزىق ئۆتتى.

ئابدۇكېرىم تۇدىياروۋ.
ياركەنت شەھىرى.



ياركەنت شەھرىدە ئورنىتىلغان بىلال نازىم ھەيكىلى.

تەۋەللۇد

# دوستۇمنى تەبرىكلەيمەن

**يېقىندا زاماندىشىمىز، بەلگۈلۈك ئالىم ئابدۇلجان بەرايېۋ 60 - باھارىنى نىشانلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇبىلەرنىڭ دوستى باتىرجان مەردانوۋنىڭ ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.**



ئابدۇلجان بەرايېۋ بىلەن مەن 1959 - ۋىلى تاشكەنت دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېخانىكا - ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ۋۈرگەندە تونۇشۇپ، دوستلىشىپ قالغان ئىدىم. ئابدۇلجان ستۇدېنتلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ تەن - ھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان قامىتى ۋە ئېتىكلىكى بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزبەكچە ئەمەس، ئۇيغۇرچە سوزلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇرغۇن كەپلىرىنى چۈشىنەلمەتتۇق. «دورۇسراق كەپ قىلساڭچۇ» دېسەك، ئۇ «مەن توغرا سوزلەۋەتىمەن، سىلەر چۈشىنەلمەيۋاتىسىلەر، چۈنكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرىسى ۋە نەپىسىدۇر، ئۇنى ھەممە چۈشىنىشى كېرەك»، دەپ بىزگە نېسىھەت قىلاتتى.

ئابدۇلجاندىكى تىرىشچانلىق، ئىلىمگە بولغان چاڭقاقلىق ۋە ئالدىغا قويغان مەخسىتىگە ئىنتىلىشىدا ھارماستىن مېھنەت قىلىشى ھەممىمىزدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭ ھۆرمەت ئويغاتقان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۆزبەكچىمۇ، رۇسچىمۇ بىلمەيدۇ، پەقەت ئەرەپچىلەپ ئىملەرىندۇ يازغىنى يازغان، كېچە - كۈندۈز پەقەت كىتاپ ۋاراقلاتتى، نەتىجىدە 1 - كۇرسنى ھەممە قاتارى ياخشى پۈتەردى، 2 - كۇرستا بولسا ئۇ ئەڭ ئالدىنقى ستۇدېنتلار سېپىدىن ئورۇن ئالدى. كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سوراتتۇق. ئۇقۇشتىكى تىرىشچانلىقى، مۇئامىلىدىكى سەممىيەت، توغرا پىكرى تۈپەيلى فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن بولغان ئىشەنچە ۋە ھۆرمەت ئاشۇۋەردى. 3 - كۇرستا پاختا ۋىغىش مەۋسۇمى باشلانغاندا ئابدۇلجان پۈتۈن مېخانىكا - ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ 850 ستۇدېنتىنى تەمىنلىگۈچى «زاۋخوز» بولۇپ 2 ئاي داۋامىدا ئىشلىگەندى. ئىككى ۋىل ئىلگىرى رۇسچە مۇتلەق بىلمىگەن ئابدۇلجان ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ھەر بىر ئىشقا مەسئۇلىيەت بىلەن ياندىششى ئاقىۋىتىدە ئۇنى خىلە ئۇيىدانلا ئۆزلەشتۈرىۋالغان ئىدى. 3 - كۇرستا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا موسكۋا دولەت ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرىدىن ئۈچ كىشىدىن ئىبارەت كومىسسىيە كېلىپ، م د ئۇ دا بوشاپ قالغان ئورۇنلارغا ستۇدېنتلار ئارىسىدا تاللاش سوھبىتى ئۆتكۈزۈپ، بەش كىشىنى تاللاۋالدى. ئۇلاردىن 2 كىشى رۇس بولۇمىدىن بولۇپ، قالغان ئۈچىنىڭ بىرى مەن، بىرى ئابدۇلجان ۋە يەنە بىرى جۇرابېك دېگەن قازاق ۋىگىتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز لومونوسوۋ نامىدىكى موسكۋا دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەتكەن ئىدۇق.

ئابدۇلجان ئىككىمىز «گازلار ۋە دولقۇنلار دىنامىكىسى» كافېدراسىدا تەلىم ئالدۇق. ئۆزبەكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور خالىل ئەخمەت ئوغلى راخماتۇللىن رەھبەرلىكىدە كۇرس ۋە دىپلوم ئىشلىرىنى ئورۇنلىدۇق، كېيىنرەك ئەشۇ كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاسپىرانتۇرىدىمۇ بىللە بولدۇق. خۇللەس، موسكۋا شەھىرىدە ئۆتكەن بارچە ياخشى، خۇرسەنچىلىك - قىيىنچىلىق كۈنلىرىمىزدە دايىم بىللە بولدۇق. مونۇ ئېچىنارلىق ۋاقەنى، زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

1968 - ۋىلى ئاسپىرانتۇرىنىڭ بىر يېرىم ۋىلى تۈگىگەن ئىدى. ئابدۇلجان ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلى نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىپ بولغان بولۇپ، ئىلمىي رەھبىرى راخماتۇللىننىڭ 60 ياشلىق تەۋەللۇدىغا بېغىشلاش مەخسىتىدە 5 - 8 - نويابىر كۈنلىرى خالىل ئەخمەت ئوغلىنىڭ داچىسىغا كەتمەكچى ۋە دىسسېرتاتسىيە بويىچە بارچە كام - كوتىلىرىنى سوزلىشىپ، ئويلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە يازغان - سىزغانلىرىنى ئېلىپ، كافېدرىغا كەلگىنىدە، ئۇنىڭ سۇمكىسىنى كىمدۇ ئوغرىلاپ كېتىدۇ. ھەممىمىز ھەر تەرەپكە ۋۈگەردۇق، ئىزدىدۇق، ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. شۇ - شۇ بولدىيۇ، ئابدۇلجان ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئىنتايىن قاتتىق ئىزتىراپ چەكتى، سېمىنارغىمۇ كەلمەي قالدى. بۇ ھالنى سەزگەن خالىل ئەخمەت ئوغلى بىر نەچچە قېتىم چاقىرسىمۇ، ئابدۇلجان بارمىدى، ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىنى ھېچ كىمگە ئېغىز ئېچىپ ئېيتمىدى، بىز دوستلىرى پەقەت كېلىپ ئۇ ياقتىن - بۇ ياقتىن سوزلىشىمىزدە، كېتىمىز.

راخماتۇللىننىڭ 60 ياشلىقىنى نىشانلاش ھارپىسىدا خالىل ئەخمەت ئوغلى مېنى چاقىرتىۋېلىپ: «ئابدۇلجانغا ئېيت، مەن ئۇنىڭغا زور يېڭى ماۋزۇ تېپىپ قويدۇم، كەلسۇن، ئۇيىدە يېتىۋالغىنى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ» دېدى، كېلىپ ئابدۇلجانغا ئۇستازىمىزنىڭ سوزلىرىنى ئېيتتىم ۋە ئۇنىمىغىنىغا قويماي خالىل ئەخمەت ئوغلىنىڭ تەۋەللۇدىغا ئېلىپ باردىم. ئەشۇ كۈنلىرى ئۇ خېلىلا جۇدەپ كەتكەن، ئۆزى ھارغىن كورۇنەتتى. كافېدرىمىزنىڭ باشقا ئۇستازلىرىمۇ ئابدۇلجانغا ئۆزلىرى بىلگىنىچە نېسىھەت - مەسلىھەتلىرىنى بېرىشتى. ئەشۇ كۈنى خالىل ئەخمەت ئوغلى ئابدۇلجان بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى ۋە ئۇنىڭ يېڭى ماۋزۇسىنى ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇلجان يەنە ئالدىنقى كورۇنۇشكە كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۆز ۋاقتىدا يېڭى دىسسېرتاتسىيەسىنى تەييارلاپ، مۇۋاپىيەقىيەتلىك ھىمايە قىلغان ئىدى.

ئابدۇلجان ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشى قانچىلىك كۈچلۈك بولمىسۇن، دوستلىرى ئۈچۈن ۋاقىت تاپار، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئالدىراتتى. ئۇنىڭ ئەشۇ مېھرىۋانلىقى، دوستلارغا بولغان ساداقەتلىكى تۈپەيلى ئۇنى دايىمىي ھۆرمەت بىلەن، سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمىز ۋە ئۇنىڭ تەۋەرۈك 60 ياشلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

باتىرجان مەردانوۋ،
ئۆزبەكىستان دولەت مۇكاپىتىنىڭ لائۇرياتى، فىزىكا - ماتېماتىكا پەنلىرىنىڭ دوكتورى، قازاقستان تەبىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىگى.

# ھەممىمىز تۈگەل مۇشتىرى بولايلى

*مەن مانا 30 ۋىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان «يېڭى ھايات» گېزىتىگە مۇنتەزىم رەۋىشتە مۇشتىرى بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ ۋىللار ئىچىدە «يېڭى ھايات» مېنىڭ ھەقىقىي مەنادىكى مەسلەكدىشىم، ئەگگۈشتەرىم بولۇپ قالدى. سۆيۈملۈك گېزىتىمىزنىڭ ھەر بىر سانىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن، گېزىت قولۇمغا تېگىشى بىلەن ئۇنى كوزۇمگە سۈرتكەندەك بولۇپ، بارلىق بەتلىرىنى بىر قۇر كورۇپ چىققاندىن كېيىن، بىرىنچى بېتىدىن سەككىزىنچى بېتىگىچە بارلىق ماتېرىياللارنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىمەن. ئەندى مۇھىم، ئاھايىتى ئەھمىيەتلىك ماقالىلارنى قايتىدىن ئوقۇپ، كېرەكلىك يەرلىرىنى خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالىمەن. خەلقىمىزنىڭ تارىخىغا، مەدەنىيەت سەنئىتىگە، ئەدەبىياتىغا، ئىسلام دىنىغا ئائىت ماقالىلارنى بەزى گېزىت ئوقۇمايدىغان يۇرتداشلىرىمغا ئوقۇپ بېرىمەن. بىزگە «يېڭى ھايات» گېزىتى سۇ بىلەن ھاۋادەك كېرەك. بىز پەقەت ئەينە شۇ «يېڭى ھايات» ئارقىلىق كوپلىگەن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە چۈشەندۇق، بىلىم دائىرىمىز خېلىلا كېڭەيدى.*

*ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!*

*ھازىرقى ھاياتىمىزنى گېزىتسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، مەن سىلەرنى 2003 - ۋىلغا سۆيۈملۈك «يېڭى ھايات» گېزىتىمىزگە تۈگەل مۇشتىرى بولۇشقا چاقىرىمەن. يۇرتىمىز قىزىل غەيرەت يېزىسىدا بىرىنچىلەر قاتارىدا «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولدۇم ۋە خولۇم - خوشنا، بۇرادەرلىرىمنىمۇ مۇشتىرى بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. مەن نۆۋەتتىكى ئايلىق پېنسىيەمنى «يېڭى ھاياتقا» ئىئانە قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن.*

*يولداش قادىروۋ.*
*ئالمۇتا ۋىلايىتى، تالغىر ناھىيەسى.*

# يەرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى

ئالمۇتا شەھىرى ئاۋېزوۋ ناھىيەسىنىڭ تەۋەسىدىكى دروۋبا مەھەللىسىدە يېقىندا يەرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى.

يەرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتى ئالمۇتا شەھەرلىك ۋە ئاۋېزوۋ ناھىيەلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ يول - يورۇقلىرىنى شەھەرلىك ۋە ناھىيەلىك مەسلىھەت دېپۇتاتلىرى، ناھىيە ھاكىمىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق ئورۇنلايدۇ ۋە:

- ئۆز تەۋەسىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىختىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىكى مۇئامماللىرىنى ھەل قىلىدۇ؛
- دولەت قانۇنلىرىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ھوكۈمەت تارماقلىرىغا قانداق ئۇسۇلدا ئىشلەش ھەققىدە پىكىر قىلىدۇ؛
- پرېزىدېنتنىڭ پەرمانلىرى بىلەن يول - يورۇقلىرىنى، شەھەرلىك ۋە ئاۋېزوۋ ناھىيەلىك ھاكىملارنىڭ توختام - قارارلىرىنى ئاھالىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزىدۇ.

ئەندى بىزنىڭ دروۋبا مەھەللىسىدىكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتى ھەر دېگەندە كوچا باشلىقلىرىنى سايلاپ، پائالىيەتنى شۇلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى. مەھەللىدىكى 30دىن ئوشۇق كوچىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن باشلىق ۋە بىردىن ياردەمچى سايلاندى.

كومىتېت رەئىسلىكىگە موشۇ قۇرلارنىڭ مۇئەللىپى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا ئىنئامجان خۇدايبەردىيېۋ بىلەن ئاسمجان كەرىمباقىيېۋ سايلاندى.

ھازىر كومىتېت كوچا باشلىقلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا ئاھالىنىڭ تۇرمۇش كارتىسىنى - يەنى ئاھالى سانىنى، ۋېتېرانلار، پېنسىونېرلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىشسىزلار، ھەر مىللەت سانىنى ئېنىقلاشنى مەخسەت قىلماقتا. بۇ ئىشتا رەخمجان ساتتاروۋ، ئابلىز ھاجىم، نىياز مەسىموۋ، ئەسەت كاللاشېۋ، شەمشىدىن روزىيېۋ، ئۇسۇپ يۇنۇسوۋ، جامالدىن ياقۇپوۋ، دىلمۇرات مۇسايېۋ، بەگزاد كەرىمباقىيېۋلار ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئورۇنلىدى.

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز - ھەر بىر كوچا باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىغا مۇشتىرى تويلاشتىن ئىبارەت. بۇ سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. ئەگەر بىز ئۆز گېزىتلىرىمىزگە ئۆزىمىز مۇشتىرى بولمىساق، بىز ئۈچۈن چىقىۋاتقان گېزىتلەرگە كىم مۇشتىرى بولىدۇ؟ كومىتېت ئالدىدا شۇنداقلا تۇرمۇشى ناچار ئائىلىلەرگە ماددىي ياردەم بېرىش ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەرمۇ تۇرىدۇ. كومىتېتىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىشلارنى ئورۇنلاشقا بارلىق يۇرتداشلىرىمىز ئىشتىراك قىلىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلىمەن.

تەلئەت ئابدۇللايېۋ،
دروۋبا مەھەللىسى يەرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

# داھىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى

خىتاي تەرغىباتى ماۋزېدۇڭنىڭ پۈتكۈل ھاياتى داۋامىدا ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئۇزاق يىللار جەريانىدا خىتايلارنىڭ ئاڭ - سېزىمىغا ئۇلارنىڭ داھىسى ئىنتايىن ئاددىي - ساددە ئادەم ۋە تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشىغان، بورا ئۈستىدە ياتقان، ئادەتتىكى دېھقانغا ئوخشاش گۈرۈچ ۋە سۇيۇق ئاش بىلەن غىزالانغان دېگەن رىۋايەتنى سىڭدۈرۈپ كەلدى. ئۇلۇغ داھى ئۆلۈپ ئون بەش يىلدىن كېيىنلا ھەقىقەت ئاشكارىلاندى.

ئەمەلىيەتتە بولسا قەدىمىي ئىمپېراتورلارنىڭ بىرىمۇ ماۋزېدۇڭغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك ياشىمىغان. ماۋزېدۇڭ زىيارەت قىلىدىغان بارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئۇنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئاياللار ئۇسسۇل ئانسامبىللىرى بار ئىدى. ماۋزېدۇڭ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىش بىلەن دەم ئېلىشنى ئالماشتۇرغان ھالدا، خىتايدىكى ئەڭ چوڭ كارىۋاتتا ئۆتكۈزەتتى. ئەنە دى بۇ ۋاقىتتا بولسا ھەممىسى ئوخشاش كۆك چاپان - ئىشتان كىيگەن ئۇنىڭ پۇقرالىرى خۇددى چۈمۈلىدەك ئەمگەك قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئوخشاش كىيىنگەنلىكتىن ئايال كىشىنى ئەركەكتىن ئايرىغىلى بولۇش تەس ئىدى.

ياق، مۇنداق ھايات ئۇنىڭغا ياقماتتى. ئۇنىڭ سۇدا ئۈزۈش باسسېيىندا بەزى بىر باي گوللىۋۇد رېژىسسېيورلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ياش قىزلار كۆپرەك ئىدى. ماۋزېدۇڭ قانچىلىك قېرىغانسىرى، ئۇنىڭ باسسېيىندا ئىنتايىن ياش قىزلار پەيدا بولاتتى.

1949 - يىلى ماۋزېدۇڭ ئارمىيەسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ سىياسىي كومىسسارلىرىنىڭ بېيجىڭغا كىرىشى ئۇنىڭدا يېڭى سۇلالىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىدىن ئانچىلا پەرقلەنمەيتتى. خىتاينىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىدا سۇلالىلەر ئۆزگىرىپ تۇرۇپ بىرىنى بىرى ئالماشتۇرغان ئىدى. ماۋ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى سابىق ئىمپېراتورلارنىڭ سارايلىرىغا ئورۇنلاشتى. ماركو پولو دەۋرىدىن تارتىپ ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، چېچەكلەر، دېڭىزدەك گۈزەل كۆللەر ۋە سارايلار ئورۇنلاشقان ھەشەمەتلىك جۇڭنەنخەي ئىستىراھەت بېغى ماۋنىڭ ياشايدىغان جايىغا ئايلاندى. ئاددىي ئادەملەر ئىلگىرىمۇ ھېچ قاچان جۇڭنەنخەي تەۋەسىگە كىرگۈزۈلمەيتتى، ماۋ دەۋرىدىمۇ شۇنداق بولدى.

يېڭى تۈزۈم ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلارنىڭ ماكانلىرىغا چاقماق تېزلىكىدە كۆچۈپ كىرىشى ئومۇمىي باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلغان پارتىيەنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئانچىلا ماس كەلمەيتتى. كونا پايتەختكە كىرىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ماۋ ۋە ئۇنىڭ كومىسسارلىرى ئىلگىرىكى تۆرىلەرگە خاس كۆيلىگەن ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈردى.

«باياشاتچىلىق بېغىدا» (جۇڭنەنخەي) ماۋ ئۈچۈن چىڭ خاندانلىقى سۇلالىسىنىڭ ئەجايىپ سارىيى تاللىۋېلىندى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە باشلىنىپ 17 - ئەسىردە ئاياغلاشقان. ئەينە شۇ «باياشاتچىلىق بېغىدا» ئىنىۋاتىش بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ - ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇق ئىمپېراتورى كاڭشى تەرىپىدىن ياسىتىلغان بولۇپ، ئىمپېراتور بۇ قۇرۇلۇشنى «گۈزەللىككە تازىم قىلىش زالى» دەپ ئاتىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇ «دوستانە سۆھبەتلەر زالى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەندى بۇ سارايغا ماۋ كۆچۈپ كىرگەندە ئۇنىڭ نامى يەنە ئۆزگەرتىلدى، بۇ قېتىم ئۇ «ئۇزاق ياشاش زالى» دەپ ئاتالدى.

تا ھازىرغىچە گۈزەللىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ ئەجايىپ بىنانىڭ بىر قانىتى «خۇشبۇي ھەدلىق خوربىزانتېما كابىنېتى» نامى بىلەن مەلۇم ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ يەردە ئىمپېراتور كۇتۇپخانىسى ئورۇنلاشقان ئىدى. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا بۇ قانات بىر چاغلاردا «خۇشبۇي ھەدلىق مەشۇقىنىڭ كىچىك سارىيى» دەپ ئاتالغان ئىكەن. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچ قانداق يازمىچە گۇۋاھلار ساقلىنىپ قالمىغان. ماۋ ئۈچۈن قارارگاھ ئۇنىڭ خاھىشلىرىغا مۇۋاپىق يېڭىۋاشتىن جابدۇلغان ئىدى. شىمالىي تام يېنىدىن ئۆتۈپ، كابىنېت ئارقىلىق داھىنىڭ ياتاقخانىسىغا ئۆتۈپ، سارىيىدىكى ئەڭ چوڭ بۆلمىگە كىرىش مۇمكىن. ھويلا تەرەپكە قاراپ تۇرغان دېرىزە يېنىدا ياغاچ كارىۋات تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆلىمى شاۋشەن يېزىسىدىكى ماۋنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ چوڭ بۆلمىدىنمۇ چوڭ ئىدى، بېيجىڭنىڭ يېڭى قۇرۇلۇشلىرىدىكى كۆيلىگەن بۆلمىلەردىنمۇ چوڭ ئىدى، قىسقىسى، بۇ كورولنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىمپېراتورنىڭ كارىۋىتى ئىدى.

ماۋ ئورۇنلاشقان ئەھلەر ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇ ھايات چېغىدا كارىۋىتىنىڭ يېرىمى قەغەزلەر، كىتابلار، خىتاي كلاسسىكلىرىنىڭ نازۇك بېزەلگەن توملىرى بىلەن تولۇپ تاشقان. كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇ ياش ۋاقتىدىن قېرىپ ئەتكەچە قايتا - قايتا ئوقۇغان. ئەندى كارىۋىتىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ تىلغا كىرگەن بولسا، ئۇ كۆپلىگەن ئەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بولار ئىدى.

ماۋنى سىگارېتسىز كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاماكا چېكىشنى ئۇ ئەڭ ياخشى نەپەس ئېلىش مەشقى دەپ ئاتىغان

ماۋ ئۆز تۈزۈمىنىڭ غالىبىيىتىنى جاكالىغان 1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا شاتلىنىپ تۇرغانلار ئارىسىدا چوقۇم بولۇشى لازىم بولغان بىر كىشى بولمىدى. ئۇ يەردە ماۋنىڭ 35 ياشلىق رەپىقىسى جاڭ چىڭ بولمىغان، بۇ دەۋىرگىچە ئۇ داھى بىلەن نىكاھدا تۇرغىنىغا 11 يىل بولغان ئىدى. ئۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغان كۈنىنى بايراملاشتىمۇ بولمىدى. ئۇ ۋاقىتتا جاڭ چىڭ جۇڭگودا يوق ئىدى، ئۇ كېكەش ئىنتىپاقىدا، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا ستالىن كۆرۈرتلىرىنىڭ بىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان. كۆپلىگەن خىتاي ئالىي پارتىيە لىدېرلىرىنىڭ رەپىقىلىرى ئۇنىڭ تەغدىرىگە ئورتاقلاشقان ئىدى. ستالىن ئورۇن بېرەتتى - خىتاي سىجىتىنى تولەتتى. ماۋنىڭ مۇھاپىزەتچىسى داھى خۇش پۇراق تاغلاردىن بېيجىڭغا كېلىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا ئايالىنى قاتتىق تىللاپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇ چاغدا ماۋ بىلەن جاڭ چىڭ خېلىلا جېدەللەشكەن. ئۇلارنىڭ قىزىنى باققۇچى 17 ياشلىق [illegible] جاڭ چىڭنىڭ [illegible] بولغان. جاڭ چىڭ بۇ قىزنى قارىغاندا، ئۇنى [illegible] تىغان [illegible]. ماۋنىڭ جەھلى چىققان: «سەن ئۆزەڭنىڭ بۇرژۇئازىيەلىك شەخسىيەتچىلىكىڭدىن قۇتۇلالمايۋاتىسەن!» [illegible] بولغان مۇھەببىتىنى بىلگەن ھالدا، بۇ جاڭ چىڭنىڭ

جاڭ چىڭ ( سولدا )

نارقىسىدا، ئەتىمالىم، خېلىلا چوڭ بىر نەرسە [illegible] خەندىن گۇمان قىلىشقا بولاتتى.

ياق، ئۇ جاڭ چىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. [illegible] ئۇلارنىڭ ئاجرىشىشى [illegible] بولار ئىدى. «ئەگەر مەن ئاجراشسام، ئۇ ھەر دائىم مەن ئۈچۈن سىياسىي [illegible] بولىدۇ. مەن چارىسىز، مەن قانداق قىلىپ بولمىسام ئۇنىڭ بىلەن ياشىشىم كېرەك. جاڭ چىڭ ناھايىتى [illegible]» - دېگەن ئىدى ئۇ. [illegible]

[illegible] ئۇ سۇدا ئۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن، [illegible] بولسا، ھېچ قاچان [illegible] چۈنكى ئۇ پەقەت «ئىتچىلاپ» ئۈزۈشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

جۇڭنەنخەيدە چاپانلا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىلدى. ماۋ بۇ يەردە يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئارىلاپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇ ھېچ قاچان تولۇقى بىلەن يالىڭاچ بولماتتى. ئۇنىڭدىكى ئۇيالچانلىقنىڭ قالدۇقلىرى چەكتىن ئاچماسلىققا مەجبۇرلايتتى. لېكىن بەرى - بىر ئۇ ئۆز ئادەتلىرىدە ئۇنتازدا ئولتىرىپ كىشىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان لىندون جونسوندىن، ياكى ياتىقىدا قىپ يالىڭاچ ژۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇينستون چېرچىلدىن ھېچ قېلىشماتتى.

ئۇلۇق سەپەر بويىچە ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن يولداشلىرىغا ئوخشاش، ماۋ ئۇيقا دورىسىغا ئۆگىنىۋالغان. ئۇنىڭسىز ماۋ ئۇخلالمايتتى، دورا ئىچىپمۇ ئۇ ئاز ئۇخلايتتى. مۇھاپىزەتچىلىرى ھەپتىسىگە ئۇنىڭ ئارانلا 30 سائەت ئۇخلايدىغانلىقىنى ھېساپلاپ چىققان. بىر قېتىم ئۇ رېكورد ياراتقان: بىر ھەپتىدە 35 سائەت ئۇخلىغان!

ماۋنىڭ سەھەرلىكتە غەزىۋى كېلىپ قالغان چاغلاردا (بۇنداق ئەھۋال ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى)، ئۇنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى لى ئىنچاۋنىڭ پىكرىچە، مۇنداق ئەھۋال ماۋنىڭ ياخشى ئۇخلىمىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. لى پات - پاتلا ماۋنى ماسساژ قىلىپ تۇراتتى. لى ماۋنىڭ چېچىنى تاراپ قويغاندا ئۇنىڭغا بەك ياقاتتىكەن. ماۋ چېچىنى باشقىلار تارىغاندا ئۆزىگە كۈچ - قۇۋۋەت كىرىدۇ دەپ تەكىتلىگەن. ئەتىمالىم، ماسساژ قىلىش ئۇنىڭغا ئۇخلىشىغا ياردەم قىلسا كېرەك. ماۋ ئويغىنىشى بىلەنلا چاي ئىچىشكە باشلايتتى ۋە كۈن بويى چاي ئىچىش داۋاملىشاتتى.

**ماۋ ئۈچۈن پۇل مەنىسىز قىلىنغان نەرسە ئىدى.** ئۇ يانچۇقىغا پۇل سېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى تۇتۇپمۇ قويماتتى. مۇھاپىزەتچىنىڭ ئەسلىشىچە، ماۋ پۇل تۇتۇپ قولىنى بۇلغىغىچە، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جياڭ كەيشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشكىنى ئەۋزەل ئىدى. ئۇ پۇلغا قارىماتتى. بىر كۈنى مۇھاپىزەتچىسى ئۇنىڭدىن مائاشىنى ئۇستىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ماۋ ئېلان قىلىنغان كىتابلىرىدىن چۈشكەن قەلەم ھەققىدىن ئۇنىڭغا پەرىقىنى تولەشنى ۋەدە قىلغان. مۇھاپىزەتچى: كېلەچەكتە قانداق بولىدۇ؟ (ئۇ: «سىز ئۆلگەندە قانداق بولىدۇ؟» - دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى). ماۋ بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىمالىم، پۇل ئۇنىڭ بانكىدىكى سچېتىدىن چۈشىشى مۇمكىن.

ماۋ غەربنىڭ تانسا مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ چاغلاردىكى پاتېفوننى ۋە كونا پلاستىنكىلارنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشقا بولغان پۈتكۈل يولىدا بىللە ئېلىپ ژۈردى. ئامېرىكىلىقلار جېكس سېبرۇس ۋە پولكوۋنىڭ دېۋىد بارىيتلار ياش خىتاي قىزلىرىنىڭ رەئىس ماۋغا ياكى مارشال جۇ دېغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلەن كېلىپ: «مەرھەمەت، مەن بىلەن تانسا ئوينىسىڭىز»، - دەپ ئىلتىماس قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

شاھىتلارنىڭ بىرىنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، ماۋ خۇددى ئېيىقتەك تانسا ئويناتتىكەن. ماۋنىڭ مۇزىكىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن، قانداقلا مۇزىكا بولسا، ئۇنىڭغا بەرى بىر ئىدى...

ھاكىمىيەت ئۈستىگە كېلىپ، ماۋ قەدىمىي ئىمپېراتورلار ئەنئەنىلىرىنى ئەسكە كەلتۈردى. 14 - ئەسىردە يۈئان موڭغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ پەھشۋاز ئىمپېراتورلىرى ئۆز مېھمانلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىشقا تىرىشاتتى ۋە ئۇزلىرىمۇ كوڭۇل ئاچاتتى. خۇدا شەيتانلىرى دەپ ئاتىلىدىغان سەتەڭلەر قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، يېرىم يالىڭاچ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلغان ھالدا ئېروتىكىلىق (جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان) ئۇسسۇللارنى ئىجرا قىلاتتى.

تانسا كەچلىرىنىڭ باشلىنىشىغا ھەممە نەرسە تەييار ئىدى، لېكىن بىر مەسىلە - بىخەتەرلىك مەسىلىسى پەيدا بولدى. ماۋ بىلەن تانسا ئوينايدىغان قىزلارنى قەيەردىن تېپىش كېرەك؟ بۇ مەسىلە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان ئاياللارنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خوتۇنلىرىنى جەلىپ قىلىش بىلەن ھەل قىلىنغان ئىدى. كېيىنرەك «ئانسامبىل» كەسپىي ئۇسسۇلچىلار بىلەن تولۇقلاندى. ئۇلار بىخەتەرلىك خىزمىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇلارنىڭ بىرەرى ئۈزۈلۈكسىز رەئىسكە لازىم بولۇپ قالغىدەك بولسا دائىم يېنىدا بولۇش ئۈچۈن داھى قارارگاھلىرىنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«ئالتۇن ۋازىدىكى ئالگىرات چېچىكى» ناملىق خىتاي ئېروتىكىلىق دۇردانە ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ شەخسىي ئېنىقلانمىدى، لېكىن مانا 300 يىلدىن بۇيان كىتاپخانلار ئۇنى ۋاڭ شىجەن ئىسىملىك بىر ئالىم يازغان دەپ قارايدۇ. رىۋايەتلەرگە مۇۋاپىق، بۇ كىتاپ ۋاڭنىڭ دادىسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغان ئادەمنىڭ ئوغلىدىن ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۆچ ئېلىش بولغان ئىمىش.

شىجەن ئۆز كىتاۋىنى ناھايىتى نېپىز كۈرۈچ پاخلى قەغىزىگە - ھەر بىر ۋاراقنى بىر تامچىدىن زەھەر تېمىتىپ، توگە تۈكىدىن ئىشلەنگەن پەلكۈش بىلەن يازغان. زەھەر بەتلەرنى بىر - بىرىگە سەل - پەل چاپلاشتۇرۇپ قۇياتتى - ئەندى ئوقۇغۇچى بولسا نۆۋەتتىكى ۋاراقنى ئېچىش ئۈچۈن بارمىقىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ھۆلدەپ تۇرۇشى كېرەك. مۇئەللىپ كىتاۋىنى ئۆز دۈشمىنىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، ئۇ بارمىقىنى ھۆلدەپ ھەر قېتىم ئاز - ئازدىن زەھەر ژۇتۇپ، ئۇنى چاپسانلا ئوقۇپ بولىدۇ. ئاخىرقى بەتنى ۋاراقلىغاندا ئۇ ژىقىلىپ، تىن تاتماي جان ئۈزىدۇ.

بۇ ۋاقەنىڭ قانچىلىك راس ئىكەنلىكىنى ئېيتىش قىيىن، لېكىن زەھەرلەنگەن سەھىپىلەر توغرىلىق بايان بۇ كىتاپنىڭ كۆپلىگەن ئەۋلات ئوقۇرمەنلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى. بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىسىدا ماۋزېدۇڭمۇ بار ئىدى.

«ئالگىرات چېچىكى» مەخپىي ساقچىنىڭ باشلىقى كاڭ شېڭ داھى ئۈچۈن ژىغىپ بەرگەن ئېروتىكىلىق مىڭلىغان كىتاپلارنىڭ بىرىدۇر.

تاڭ، يۈئەن، مىن ۋە چىڭ سۇلالىلىرى ئىمپېراتورلىرىنىڭمۇ مۇنداق كىتاپلىرى بولىدىغان. ماۋ ئورۇنلاشقان ئەجايىپ بولمىلەر ئۇنىڭ ئوتمۇشداشلىرىنىڭ ئېروتىكىلىق كىتاپلىرىنى ساقلايدىغان جايى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

خىتايدىن باشقا ھېچ بىر دولەتتە ئېروتىكىلىق كىتاپلارنىڭ تولۇق توپلىمى ژىغىلمىغان. داھىنىڭ ھاۋايى ھەۋەس ئىشتىھاسى پارتىيەدىكى ئەڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن سىر بولمىسىمۇ، ماۋ مۇنداق ئەجايىپ كىتاپلار توپلىمىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى فاكتى خ خ ج دا ئۇمۇمغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ياتاق - كابىنېتى خۇددى روسسىيەنىڭ ئۇلۇق يېكاتېرىنا ئىمپېراتورىنىڭ ياتىقىغا ئوخشاش قوبۇل قىلىش بولمى ئىدى.

نەق ئەينە شۇ مەخپىي ساقچى خىزمەتچىسى كاڭ شېڭ ماۋغا «پاسكىنا سۈرەتلەر» كوللېكسىيەسىنى ژىغىشقا ياردەم قىلغان. كاڭ شېڭ جاڭ چىڭنى ماۋ بىلەن تونۇشتۇرغان ۋە داھىنىڭ جىنسىي ھەۋەسى ئۈچۈن قىزلارنى تېپىشنى ئۆزىنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرغان. جاڭ چىڭ ماۋ بىلەن يېتىشتىن قالغاندىن كېيىن، كاڭ شېڭ ئۇنى خېلىلا ياش مەشۇقلار بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغان.

كاڭ شېڭ دۈشمەنلەرنىڭ داھىغا قاتىلنى ئەۋەتىشكە يول قويماسلىق ئۈچۈن قاتتىق نازارەت قىلاتتى.

( «ۋرېميا» گېزىتىدىن ئېلىندى.)

ماۋ ( سولدا ) ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايتتى.

( داۋامى، بېشى ئۆتكەن ساندا).

بورە مەنقشلاقنىڭ داۋىرسىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن بايىقى ئېشىل نۇردىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ھەدەپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت تۇساتتىن بۈيۈك تۇلپارنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى - دە چوچۇپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. مەنقشلاق جىم - جىت ئىدى، ئەتراپتا ھېچ نېمە كۆرۈنمەيتتى. بۈيۈك تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ھاۋادا گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، ياڭراپ تۇراتتى. بىيابان دالا گۈگۈم مەركىسىدىكىگە ئوخشاش قارىيىپ كورۈنەتتى، چەكسىز بوشلۇقنى قارا تۇمان قاپلىغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋۇجۇدىنى نامەلۇم قاتتىق دەۋزۇلداش باشلىدى. بۈيۈك تۇلپار قايتا كىشنىگەندە باتۇر تەڭرىقۇت قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

- بۈيۈك تۇلپار! ئاتامنىڭ تۇلپىرى!..

باتۇر تەڭرىقۇت چۈش كۆرگەندى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغاندى. قۇنجۇي (مەلىكە، توقال خوتۇن) ئايىزات (ئايدىن تورۇلگەن) چىرايى تاتارغان، كوزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ئېگىلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋاتاتتى.

- نېمە بولدۇڭ ئۇلۇق قاغانىم؟.. ئەجەب قورقۇتتىڭ؟

باتۇر تەڭرىقۇت جاۋاپ بەرمىدى. ئىككى يېنىغا قاراپ بەشەمەت بىلەن بېزەلگەن، ئىپار، زەپەر، ئالچى ھىدى كۆرۈلۈپ، پۇراپ تۇرغان ھۇجرىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بۇ، ئۇزاق، يۇمشاق، يوقۇرى ھۇجرا خوتۇنى ئايىزاتنىڭ قەسىرىدىكى خاس ھۇجرا ئىدى. ئېرىزىملەردىن شۇكۇپۇپ كىرگەن تاڭ نۇرى بۇ ھۇجرىنى ئاجايىپ سىرلىق تۇسكە كىرگۈزگەندى. ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ھال رەڭ شېلپ پەردىلىرى، تەكشلىك تورۇسقا ئىسلىغان ئالتۇن قەندىللەر، تەكچىلەردىكى تەڭرى تەمسىللىرى، ئالتۇن بۇددا تەمبۇرغا ئوخشاش بەزەكلىك... ئالتۇن بۇددا تەمسۈرلىرى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ يوشۇرۇۋاتقاندەك... باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايىدىكى تەڭرىقۇتلۇق كەيپىيات تۇگىمەي قالدى. تەڭرىقۇت ئەلىدىكى بېشارەتلىرىنى تىكلەپ تۇسىپ كۆرگەنلىكى گويا شۇنىڭغا بىلەن تولدى.

«تاڭ كۆكسىمەكتە بولسا»... ئايىزات يېرىم ئاچقان تامغا تەلپۈنگەن تورلاردى. ئۇ تاڭ سۈزۈلگۈچە تەڭرىقۇتقا قاراپ تەڭرىگە دۇئا قىلغانىدى.

ئوپ - تارتىپ تىل كىسەلىنى كىيىپ چۆپلىرىنى پىشۇرۇش، ھېچقاراسىز سۇيۇل چەپ لىرىنى بېشى ئۈستىگە تۇرمىگەنلىكىنى بىلگىن. بويۇن، قول، بارماقلىرىغا ئالتۇن بىلەكۈزۈك، بوينىغا ئالتۇن ھالقا، زىرە...

[Right column, continued as far as legible:]

ئايىزات مەيۇسانە كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ شاھ تۇقۇزۇلغان بىلەن تورىغان كوزلىرى، خاتىرجەم چىراي، زىلۋا بويى - قامەتلىرى كۈزەللىكتە خاس زىلۋا بوي - قامەت كۆزەللىكى... تەڭرىقۇتقا... ئۇنىڭ يېشىل قىزلارغا ھەۋەس... چىقىپ كەتكەن تەڭرىقۇتنىڭ قىزىقىشى بولۇپ...

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا نىكاھ باغلىنىشى ۋە قۇدا-باجىلىق... مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولسىمۇ... ئەمەلدا تۇتۇلىدىغان ئاتا - قانال...

خان باتۇر تەڭرىقۇت ئوتتۇرىسىدا خەن ئىمپېراتورى تەڭرىقۇتقا ھەدىيە قىلدى... 100 مىڭ ... 20 مىڭ تاش... بۆز، 100 دانە كېشىك تىپارى، 200 تەھەر قول - چورە ۋە زىراەت، كوكتات ئۇزۇق-لۇقلارنى ھەدىيە قىلدى. قېيىن ئاتا بولغان كوزى...

# تەڭرىنىڭ ئوغلى

## تارىخىي ھېكايە

ئابدۇللا ساۋۇت

ئۇغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇقلاشتى، ئوز ئارا ھەمكارلىق، يار-دەم، سودا - تىجارەت ۋە تۈرلۈك ئالاقىلار كۆچەيدى. تويدىن كېيىن خەن مەلىكىسى ماۋچۇن ھونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئايزات دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى ھەمدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بىرىنچى خانىشى، قاراقاتىن كۈنىلىگ ( كۈندەك ئىللىق خوتۇن) تىن قالسىلا ئوردىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايالغا ئايلاندى.

مەھرەملەر كىرىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى، شاھلىق تاجىنى تاقىدى. باتۇر تەڭرىقۇت قۇنجۇي ئايزاتنىڭ گۈزەل شاھانە قەسرىدىن چىقتى. ئايزات قەسىر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى:

- ئەي ئۇلۇق قاغانىم، تەڭرىنىڭ ئوغلى، - دېدى ئايزات نازلىق كۈلكىسى بىلەن تىكىلىپ، - يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن نەۋرۇز مەن بۇ بايرامنى مەنقشلاقتا ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالدىم.

- خالىغىنىڭچە بولسۇن، قۇنجۇيۇم، - دېدى باتۇر تەڭرىقۇت توختاپ كەينىگە بۇرۇلغاندىن كېيىن جىددىي ئاھاڭدا، - ھەردەم سېنىكى كۈمۈشتېكىن، كىنىزەكلەر، گۋادىبۇدىكى گۈزەل قاملار ساڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ يەردە زېرىكىش بولمايدۇ.

- دېگىنىڭ راست، يەنە بىزنى تېخى سىپاھلىرىڭ مۇھاپىزەت قىلىپ بارىدۇ. مەن دەيمەن، ئۇلۇق قاغانىم، مەنقشلاقتا بۈيۈك تۇلپارنى مىنىپ بېرىشقا ئىجازەت بەرسەڭ.

- ھىم!... مەن... تەڭرىلەر بىر نېمە دېسۇن!

ئايزات مەيۇسانە قاراپ قالدى. ئۇ، ھون ئوردىسىغا كەلگەندىن بۇيان بىر قانچە قېتىم بۈيۈك تۇلپارنى مىنىپ سەيلە قىلغانىدى. بۇنداق شەرەپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچى ئايقاغاندىن باشقا ئوردىدىكى ھەممە خانىش، قۇنجۇي، كۈمۈشتېكىنلەرگە كامدىن - كام نېسىپ بولاتتى.

قاڭقىل ( قەبىلە نامى، تارىختا گاۋچى ) ئېگىز ھارۋۇلىقلار دەپمۇ ئاتالغان، ھارۋۇنى كەشىپ قىلغان) ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان، ئۈچ ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا باتۇر تەڭرىقۇتنى مەخپىي يوللار بىلەن ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى. نەيزە، قىلىچ، قالقان بىلەن قوراللانغان جەسۇر سىپاھلار ئۇنى ئىنتايىن ھوشيارلىق ۋە ساداقەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ كېلەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالتۇن تەختتە قارار تاپقان ھامان ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان سول قول، ئوڭ قول دولەت ئەركانلىرى بىردەك ئورنىدىن تۇردى:

- ياشىسۇن تەڭرىنىڭ ئوغلى! تۈمەن مىڭ ژىللار ياشىسۇن!!!

بۇ ئاۋاز گويا ئېشەك تېرىسىدە كېرىلگەن سانسىز دۇمباقلارنىڭ كومبۇرلىگەن ساداسىغا ئوخشاش چىقتى. ئاندىن ھەممەيلەن يەنە باشلىرىنى ئېگىپ، قەددىنى پۈكۈپ تازىم قىلدى:

- كوكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى ھايات بەرگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇق تەڭرىقۇتقىمىزغا سالام!

باتۇر تەڭرىقۇت جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قول ئىشارىسى قىلدى، ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. كەينىدە ئورە تۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ ۋەھىملىك شۇبرالاشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئوردا ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چومگەندى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىدىن كېيىن قەددىنى سەل رۇسلاپ تۇۋەندىكىلەرگە بىر - بىرلەپ كوز ژۇگەرتتى - دە، ئاندىن:

- ئاتام، ئۇلۇق تەڭرىقۇت تۇمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپارنى قاراتويىنغا بېرىمىز - مۇ؟ - دېدى.

ئاشۇ سوئال بىلەن تەڭ دولەت ئەركانلىرىنىڭ كوڭلىدىكى تەشۋىش كۈچىيىپ، چىرايلىرى جىددىي تۈس ئالدى. ئېگىز، كەڭ دېرىزىلەردىن كىرگەن ئارامبەخش باھار ھاۋاسى ئوردا ئىچىگە بىر خىل سالقىنلىق بەخش ئەتكەندى. ئامما دولەت ئەركانلىرىنىڭ چىرايلىرىدا تومۇز ئىسسىقىغا ياكى بولمىسا زىمىستان سوغۇغىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك بىر تەربىزدىكى ئارامسىزلىق ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى.

بۇنىڭدىن 10 كۈن ئىلگىرى شەرقىي شىمالدا، لياۋخى ( ئىچكى موڭغۇلدىكى دەريا) دەرياسىنىڭ باش تارمىغى بولغان شىرامۇرۇن ( ئىچكى مۇڭغۇلدىكى دەريا) دەرياسىنىڭ بىيابان ۋادىلىرىدا ياشايدىغان قۇدرەتلىك توڭگۇسلارنىڭ ياش پادىشاھىسى قاراتويىن بىر يابغۇ ( ۋەزىر)سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 15 كىشىلىك ئەلچىلەر ئومىكىنى 40 توگىلىك قىممەت باھا ئارمىغان ( سوۋغا - سالام) بىلەن ھون پايتەختى تەڭرىبالىققا ئەۋەتكەنىدى. ئەلچىلەر تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن تاكى سۈيىران( ھون، ئۇغۇز شەھەرلىرىنىڭ بىرى) دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە ئىككى رەت تىزىلغان لەشكەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى، نەغمە - ناۋا ئىچىدە قارشى ئېلىنىدى ھەمدە مەخسۇس ئالىي قەسىرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كاتتا زىياپەتلەر بېرىلدى. تەڭرىبالىق شەھىرىنىڭ ئوردا - قەسىرلىرى، سودا بىنالىرى، چوڭ - كىچىك كوچىلىرى، بازارلىرى، باغچىلىرى ... ئېكسكورسىيە قىلدۇرۇلدى. قوبۇل مۇراسىمى ئوتكۈزۈلگەن كۈنى ئەلچىلەر 40 توگىلىك ئارمىغاننى باتۇر تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلدى. ئاندىن ئەلچىلىك مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ: «پادىشاھىمىز قاراتويىن بۈيۈك تۇلپارنى سەندىن سوۋغا سۇيىتىدە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېدى. دولەت ئەركانلىرىنىڭ كوزلىرى تەئەججۇپ ئىلكىدە چەكچەيدى، كوڭۇللىرىدىن بىر ئاچچىق سېزىم كېچىپ ئوتتى. ئامما باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ساز ئىدى. ئۇ: «تەڭرىلەر بۇ توغرىلىق ئالللىقاچان بېشارەت بەرگەن، ئامما مەندىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ بۈيۈك تۇلپار ئېكەنلىكىنى ئېيتمىغان. شۇڭا، بىز بۇ تەلەپنى ئوردا كېڭىشىدە قارار قىلىمىز»دەپ مۇراسىمنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى. ئەينە شۇ سەۋەبلىك بۈگۈن ئوردا كېڭىشى چاقىرىلغانىدى.

- ئۇلۇق تەڭرىنىڭ قۇتلۇق ئوغلى! - دېدى سول قول ئۇلۇق بىلگەخان بىر ھازادىن كېيىن تۈنجى رەت ئېغىز ئېچىپ، - مەرھۇم تەڭرىقۇتىمىز تۇمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ساڭا ھەم بىزگە قىممەتلىك مىراس، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئىپتىخارىمىز، ئۇنى ياتلارغا ھەرگىز بەرمەيمىز!

ئوڭ قول ئۇلۇق بىلگەخان ئورنىدىن تۇردى:

- بۈيۈك تۇلپار بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز، شان شەرىپىمىز، ئۇنى ياتلارغا بېرىش - قورقۇنچاقلىقتىن، خوشامەتتىن نىشاندۇر!

سول قول ئۇلۇق يابغۇ قاپىغىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ژۇقۇرى ئاۋازدا:

- بۈيۈك تۇلپار جەڭ ئاتلىرىمىزنىڭ سىمۋولى، پۈتكۈل جاھاندا ژۇگرۇكلۇكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتىدىغان تۇلپار يوق، ئۇنى بىز ھونلارغا تەڭرىلەر ئىنئام قىلغان. شۇڭا ئۇنى ياتلارغا بېرىش - ئوزىمىزنىڭ يۈز - ئابرويىنى ئوزىمىز يەرگە ئۇرغان بىلەن تەڭ! - دېدى.

ئوڭ قول ئۇلۇق سانغۇن ( سەركەردە - گېنېرال) دۇبۇلغىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:

- تەڭرى قۇت بەرگەن ئۇلۇق قاغان! تەڭرىبالىقتىن چىقىپ ئالدىمىزدا ماڭسىڭ، بىز ساڭا ئەگىشىپ، تەڭرىقۇملۇغىنى، باداش جاران قۇملۇغىنى، ئوردۇس، سەيخەنتال قۇملۇغلىرىنى كېزىپ چىقتۇق. ( ئىچكى موڭغۇلدىكى جايلار)، ساندىبىل ( كەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى ئەتراپىدا بىنا قىلىنغان قېدىمىي شەھەر)قاشتېشى قوۋۇغى(يۈيمىنگۇەن)، قوش ( تۇرپان)، لولان ( لوپنۇر)، كېنگىت ( قارا شەھەر)، كىرورەن ( لوپنۇر كولى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇغى ئوتتۇرىسىدىكى قېدىمىي شەھەر،ھازىر خارابىسى بار)، كۈسەن (كۇچا)، سولى ( قەشقەر) قاتارلىق شەھەرلەردە توققۇز تۇغلىرىمىز جەۋلان قىلدى. جەڭ ئاتلىرىمىز تەڭرىتاغلىرىدىن، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن، ئالتاي، سايان ( سىبىردىكى تاغ) تاغلىرىدىن ئوتتى. بايقال سىبىردىكى مەشھۇر كول) قىرغاقلىرىدا توختاپ غەلىبىلىرىمىزنى تەبرىكلىدۇق. سەن ھامان ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭاتتىڭ. يېنسەي، ئورخۇن، قورۇلۇن ( ( مۇڭغۇلىيە، سىبىردىكى دەريالار) دەريالىرىنىڭ گۈزەل - چەكسىز ۋادىلىرى، مۇنبەت يايلاقلار بىزگە قارام بولدى. ھازىر بىز تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇق تەڭرىقۇتلۇق دولەت بولۇپ قالدۇق. شۇڭا، نېمىدىن قورقىمىز؟ ئاشۇ توڭگۇسلارغا بۈيۈك تۇلپارنى بېرىمىزمۇ؟ ياق، بەرمەيمىز؟!

باشقىلارمۇ ئورغۇن دەلىللەرنى كورسىتىپ ژۇقۇرقى پىكىرلەرنى قوللاپ چىقتى، باتۇر تەڭرىقۇت مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ ھەممە گەپكە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتاردى. قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ شۇبرلاپ ئوقۇۋاتقان دۇئالىرى ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتاتتى. دولەت ئەركانلىرى گويا ئالدىن باش قوشۇپ ۋەدىلىشىۋالغاندەك ھەممىسى بۈيۈك تۇلپارنى توڭگۇسلارغا بەرمەسلىكتە چىڭ تۇردى.

- بىر ئاتنى دەپ خوشنا ئەلنىڭ كوڭلىگە ئازار بەرسەك بولماس! - دېدى باتۇر تەڭرىقۇت ئاخىرىدا، - ئەلچىلەر كىرسۇن! بۈيۈك تۇلپار ئالدىمىدا ھازىر قىلىنسۇن!

زىلزىلە باشلاندى، كوزلەردە نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، كوڭۇللەرنى تەشۋىش، گۇمان ئېگىلىدى، تەنلەر شۇركەندى، جىمجىتلىق،بۇرۇختۇملۇق ھوكۇم سۇردى. باتۇر تەڭرىقۇت بەخىرامان - خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئايزاتنىڭ ئەتكەنكى مەيۇسانە قىياپتى، ئىلتىجالىق قاراشلىرى لىپىدە ئوتۇپ كەتتى. ئەلچىلەر كىردى، ئارقىدىن تورت سىپاھ ئېگەر - ژۇگەن، قوشقۇن - بەلباغلىرى ئالتۇن، گوھەر، ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بۈيۈك تۇلپارنى ئەكىردى.

- دوستىمىز قاراتويىنغا بۈيۈك تۇلپارنى ھەدىيە قىلدىم!

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سوزى بىلەن تەڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن دولەت ئەركانلىرىنىڭ كوزلىرىدە ياش ئەگىدى، ژۇرەكلىرى ئېچىشتى. بىراق تەڭرىقۇتنىڭ قارارىغا ھېچ كىم مۇخالىپ كېلەلمەتتى.

## 3

مىلادىدىن بۇرۇنقى 201 - ژىل، ياز. بورىنىڭ كوزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنىغاتتى. كۈن غەربىي ئۇپۇقتا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئالتۇنرەڭدە تاۋلىنىپ يانغان شەپەق نۇرىدا بورىنىڭ قارا كوككە مايىل سىرتلىرى يېڭى توقۇلۇپ پاتلانغان ئىپەكتەك پارقىراتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بورىگە ئەگىشىپ شامالدەك تېز چاپاتتى. ھاۋا تىنجىق - ئىسسىق ئىدى. يايلاقلار يېشىللىقتا پۈركەنگەنىدى. ژىراق - ژىراقلارغا سوزۇلغان قويى، كالا پادىلىرىنىڭ توپى خۇددى كوكتە ئۈزۈپ ژۇرگەن بۇلۇتلار توپىنى ئەسلىتەتتى. جىلقىلار، توكىلەر تاغ يامزاللىرىدا ئوتلاتتى، تېخىمۇ ژىراقلاردا - ئاقىرىپ كورۈنگەن قومۇقلاردا كىرىمەن كىيىك پادىلىرىدەك لومشۇپ يورغىلاتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدىن 10 نەپەر سانغۇن ۋە خاس مەھرەم - سىپاھلار، داگلىق مەرگەن، ئوۋچى - پالۋانلار ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاتلارغا غانجۇقلىغان خىزمەتكار - مالايلار ئەگىشىپ كېلەتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ياز مەۋسۈمى كىرگەندىن بۇيان غايەت زور ھەربىي ژۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىش توغرىسىدا تۇغراق ( يارلىق، بۇيرۇق،ئەمىر - پەرمان) چۈشۈرگەندى. ھونلار ۋە ھون ئىتتىپاقىدىكى بارلىق قەۋم - قەبىلىلەر ئەزەلدىن «يايلاق مىللەتلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى كىچىكىدىن تارتىپ مال بېقىش، تېرىقچىلىق قىلىشنى پىششىق ئوگىنىپلا قالماستىن، يەنە ئادەت بويىچە چەۋەندازلىق، قىلىچ چېپىش، نەيزە سانجىش، ئوقيا ئېتىش، قالقان تۇتۇپ رەقىپلىرىدىن ئوزىنى مۇداپىيە قىلىش قاتارلىق ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئوگىنىشنى ئۇزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى دەپ ھېساپلايتتى. ئۇلار چەۋەندازلىقتا ئات ئۈستىدە، ئاتنىڭ بېلىدە، ئاتنىڭ قورسىقىدا مەھكەم تۇرۇۋېلىپ قىلىچ چاپالىغان، نەيزە ئۇرالىغان، يەرگە قادالغان مەلۇم نەرسىنى قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى چىشلەپ ئالالىغان ھەمدە شۇ پېتى مەنزىلگە يېتەلىگەنلەرنى، قىلىچ ياكى نەيزىنى ئالدىغا قاندىداق تېزلىك بىلەن شىلتىيالىغانلارنى ھەقىقىي ژىگىت - ئەر دەپ ھېساپلايتتى. ئەينە شۇنداق ماھارەتلەرنى تولۇق ئېگىلەپ سىناقتىن ئوتكەنلەر ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ ئوزلۈكىدىن لەشكەرلەر سېپىگە كېلىپ قوشۇلاتتى. لەشكەر بولالمىغانلارنىڭ جەڭگە قاتناشمىغانلارنىڭ ئوز قەۋم - قەبىلىسى، ئوز جەمەتى ئىچىدە ئەسلا يۈز - ئابرويى بولماتتى. شۇ تۈپەيلى ھون دىيارىدىكى بارلىق ژىگىتلەر ھەربىي ماھارەتلەرنى ئوگىنىشنى ھايات يولى، جەڭگە قاتنىشىشنى ئالىي مەخسەت دەپ قاراتتى ۋە ئوزلىرى سايلاشقان يۈز بېشى، ئونبېشىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا توپ - توپ بولۇپ لەشكەرلەر سېپىنى ھاسىل قىلاتتى. جەڭ پەيتلىرىدە پىداكارلىق كورسىتىپ شەرەپ قازىنىشقا، تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپات - ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولۇشقا تىرىشاتتى. جەڭدە خىزمەت كورسەتكەنلەر دەرىجىمۇ دەرىجە ئوستۇرۈلەتتى، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلارغا يەر - سۇ، چارۋا - يايلاق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى.

( داۋامى بار).

# تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقات

كۆرۈنەرلىك تەتقىقاتچى قاۋسىلخان قامىجان مىللىتى قازاق، 1942 - يىلى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مانا 38 يىل مابەينىدە قەشقەر، ئۈرۈمچى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلمۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتى ئۇيغۇرستاننىڭ جەنۇبىدا ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر مائارىپىغا قىزغىن مۇھەببەت باغلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ قىزغىن مۇھەببەت باغلايدۇ. ئۇ 25 يىل مابەينىدە 195 ئىلمىي ماقالە ۋە 8 ئىلمىي كىتابنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە قىلغان.

قاۋسىلخان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئون نەچچە يىل داۋامىدا جىددىي ئىزدىنىپ تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىن» 1999 - يىلى «تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى» ناملىق كۆلەملىك ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىندى.

ھۆرمەتلىك گېزىتخان، تۆۋەندە بىز قاۋسىلخاننىڭ ئەينە شۇ كىتاۋىدىن تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەققىدە تەييارلانغان ماقالىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

* * *

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ تونۇلغان بايراقدارى، ئەجايىپ ئىقتىدارلىق ئىجاتكار، مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى - بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىلمىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىدېئولوگىيەسى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋر رېاللىقىنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەن، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنىمۇ، يورۇقلۇق تەرەپلىرىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىر. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا تۇرمۇشنىڭ مۇشكۈل سىناقلىرىدىن ئۆتكەن. يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجات قىلىش جەھەتلەردە تۆھپىسى چوڭ، تەسىرى كەڭ بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق پېشۋاسى.

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى باللىق دەۋرىدىلا، يەنى 1945 - يىلى ئۆزىنىڭ ھازىر جاۋاپلىق تالانتىنى نامايەن قىلىپ، نەق مەيدان رېاللىقىدىن مازمۇن تاللاپ، مەخسىتىنى، تەلەپ - ئارزۇسىنى، ئىرادە ئىشەنچىسىنى يىغىنچاق، تەسىرلىك، جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ يازغان «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق شېئىرىدىن باشلىنىدۇ.

*بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،*
*كومىسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى.*
*ئۆسكەن بولسا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،*
*فرونتلاردا كۆرسەتتىم كۈچۈمنى.*

*بىلەلمىدىم كومىسسىيە دېگەنلەر،*
*ئىرادىنى ئۆلچەمدىكى ياش بىلەن.*
*ئالغان بولسا كىچىك دېمەي يېشىمنى،*
*ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن.*

*ئاڭلا ئاكا بۇ يىل ئۆستى بويۇممۇ،*
*ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن.*
*يات ئارىدا بېرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،*
*دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن.*

ئوقۇرمەنلەر مۇنداق ئويلىشى مۇمكىن، مەلۇم بەدىي سەۋىيەگە ئېگە شېئىر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئەندىلا 15 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەن بالىنىڭ قولىدىن قانداق كەلگەن دېيىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ مۇنداق قاراشتا بولۇشىنىڭمۇ بەلگۈلۈك ئاساسى بار. لېكىن شائىرنىڭ «ئىردىنى ئۆلچىمىگىن ياش بىلەن» دەپ باللىق چېغىدا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقىنىدەك، ياش بىلەن تالانتنى، ياش بىلەن جاسارەتنى، ياش بىلەن تۆھپىنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

شائىر 18 يېشىدا يازغان «كۆرەشچان تاغ» ناملىق شېئىرىدا:

*ئۆلكەم سېغىنغان بۇ كۆرەشچان تاغلار،*
*كۆتەردى تارىخنى يېڭى باسقۇچقا.*
*كۆرسەتتى بۇ تاغ خەلقىم كۈچىنى،*
*رەھىمسىز، غالجىر، ۋەھشى زىرىتقۇچقا.*




*بۇ كۆرەش تېگى ۋەتەن خەلقىگە،*
*كەلتۈردى خەۋەر ئۇلۇق ھاياتتىن.*
*بۇزۇلدى ئەلنىڭ قاتتىق ئۇيقىسى،*
*دەۋرىمىز پارلىدى شانلىق غازاتتىن.*

*بۇ كۆرەش تېگى پارلاتتى روشەن،*
*ئەزىز يۇرتۇمنىڭ شەرەپ - شانىنى.*
*بۇ كۆرەشچان تاغ ھەققانىيەتنىڭ،*
*قۇرى پۇختىلاپ ئىستىھكامىنى.*

دەپ خەلقنىڭ ئازاتلىق ھارپىسى ئالدىدىكى يەر - جاھاننى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن «دۈشمەن كۆزىدىن قان - ياش ئاققۇزۇپ، ئەلگە شەپقەت نۇرىنى چاچقان، تارىخ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلق كۈچىنى، خەلق قەھرىنى، خەلق ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان ئۇلۇق كۆرەشچان تاغنىڭ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، ۋەھشىلىك، زىرىتقۇچلۇق، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان ئەجايىپ قۇدرىتىگە، پارلاق ئىستىقبالىغا مەدھىيە ئوقۇغان. ئۇ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئۇلارنى ھەققانىيەت يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەھشى مەلئۇنلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا، يېڭى ھايات ئورنىتىشقا، ھۆرلۈك زامانىغا ئىنتىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1950 - يىلدىن 1955 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نەشرىياتى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدە بولدى. ئۇ 1951 - يىلى ئالمۇتىدا «يېڭى ھايات» نەشرىياتى تەرىپىدىن «شەرق ناخشىسى» ناملىق تۇنجا شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شائىر 1953 - 1956 - يىللىرى ئىككى نەچچە قېتىم سابىق س س س ر نىڭ روسسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ساياھەتتە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېخىمۇ زور قۇرى پەللىگە ئۆرلەشكە شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئۇ مەملىكەت سىرتىدىمۇ تونۇلۇشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە بىر شېئىرلار توپلىمى خىتاي تىلىدا نەشر قىلىندى.

شائىرنىڭ 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ. ۋەزىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق، ئارقا - ئارقىدىن ئۆلىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر شائىرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمىدى. خاتىرجەم ياشىغىلى، قەلەم تەۋرەتكىلى قويمىدى. بۇ چاغدىكى بېسىم تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بىمالال ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى توساپ، ئۇنى خۇددى ئەندى تەمتەلەپ مېڭىشقا باشلىغان سەبىي بالىدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستىن قىلىنغان قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا جىسمانىي جەھەتتىن قىلىنغان دەھشەتلىك قىيناش ئازابلىرىغىمۇ، روھىي جەھەتتىن قىلىنغان تىل ھاقارەتلەرگىمۇ، چاپلانغان تۆھمەتلەرگىمۇ قەتئىي بەرداشلىق بەردى. ئۆزىنى قىلچىلىك يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ «كاككۇك»(1971-يىل) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*بەستىم بىلەن تەڭ تەلپىنگىم،*
*چوغدەك قىزاردى تەستىقىم.*
*تاپقان مۇكاپىتىم شۇمۇ،*
*مۇنداق ئەمەستى ئىستىكىم.*

*رەڭگى روھىمنى ئاق دېسەم،*
*ھازىر سۈرەتتە باشقىچە.*
*بۇ ھەقتە شۇنداق دېگۈلۈك:*
*«ئالداپتۇ كونا ئەينىكىم».*

*بوغداي تېرىپ كەلدىم دېسەم،*
*قارمۇق دېيىشتى باشقىلار.*
*كىم بىلدى مۇنداق ھىيلىنى،*
*ۋاي - ۋاي ئىست تەر - ئەمگىكىم.*

*ئېيتقان مۇقامىم ياقمىدى،*
*قالدىم ئۆزەممۇ كاككۇك.*
*ئۆزدى راۋاۋىم تارىنى،*
*نەلەردە قالدى زەخمىكىم.*

مانا بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەنلەر، ئەشۇ شۇملۇق بىلەن تولغان ئاپەتلىك يىللاردا بىگۇنا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، قاتتىق بېسىم، دەھشەتلىك زەربە ئىچىدە كۆرەشتىن باش كۆتۈرەلمەي كاككۇك قالغان شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىياتىنىڭ ئەينەنلىكى ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

80 - يىللاردا سىياسىي ۋەزىيەت ئۆزگەرگەندىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگىچە تۈسكە كىرگەن يېڭى ئالاھىدىلىكى بىلەن مەزمۇن، بەدىئىلىك جەھەتتىن ئۆرلىنىپ، يەنىمۇ زور قۇرى پەللىگە كۆتىرىلىشكە تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ «سىنچىنىڭ سوزى» ناملىق شېئىرىدىكى:

*رەڭگىدىن كۆڭلىنى بىلمەك بەك قىيىن،*
*ئۆزىنى ئۇغانىلا پاكىزە دېمە.*
*ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ كۆپ شاۋقۇنى،*
*....... ....... ...... ...... .... ... ...*
*گەرچە سورۇندا تەلەپكەر بولمىسا،*
*سوزۇڭ ئالتۇن بولسىمۇ ھەرگىز دېمە.*

*ئېمتىھاندۇر ئات ئۈچۈن مۇشكۈل سەپەر،*
*مەرت بىلەن نامەرتنى ئايرىيدۇ خەتەر.*
*تويدا بار، ماتەمدە يوقتىن قىل ھەزەر،*
*ئۇندىن ھېچ ئىنسانىي خىسلەت ئىزدىمە.*

دېگەن مىسرالار كىشىلەرنى ئوقۇغان زامان چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئالدىنقى ئىككى مىسرادا ئادەملەرنىڭ ئادىمىلىك خىسلىتىنى ئايرىشنىڭ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئۆلچىمى كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى مىسرالاردىكى ھەر قانداق ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ سۈپىتىنىڭ، رولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، بىلىمسىز، ئەقىلسىز ئادەملەرگە قىلىنغان گەپ ھەر قانداق مەنىلىك، تەسىرلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى شەرھىلەپ ئولتارمىساقمۇ چۈشىنىشلىك.

شائىر بىر رۇبائىيسىدا:

*كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە،*
*بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خوشامەتكە.*
*ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار،*
*ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.*

ھە، بۇ رۇبائىي - ھايات ھەقىقىتىنىڭ يەكۈنى، ئەمەلىياتتا ئىسپاتلىنىپ سىناقلاردىن ئۆتكەن چىنلىق.

ئەدىبنىڭ 1951 - 1982 - يىللار ئىچىدە ئونىدىن ئوشۇق شېئىر - داستانلار توپلىمى، ئىككى توملۇق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

شائىر ئانا تىلىغا زور ئىشتىياق، چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئانا تىلنى «ئۆمرۈمنىڭ جېنى - زىننىتى» دەپ قىزغىن سۆيگەن. شۇڭا ئۇ «ئانا تىلى» ناملىق شېئىرىدا:

*ئانا تىلىم،*
*سەن ئاچقان ئەقىل كۆزىمىزنىمۇ،*
*سەن بىلەن چۈشەندۇق موشۇ دۇنيانى،*
*ھەم چۈشەندۇق،*
*چۈشەندۈردۇق ئۆزىمىزنىمۇ.*
*سەن بولغاچقا،*
*ئۇزاق تارىخىمۇ شۇنچىلىك يېقىن،*
*سەن بولغاچقا، نەچچە مىڭ يىللىق ئابىدىلەردىن*
*ياڭرايدۇ سادا.*

دەپ، ئانا تىلنىڭ مىللەتكە ئالەمنى، تارىخنى، تەبىئەت سىرلىرىنى، پەننى، ئۆزىنى تونۇتقان تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تېپىكلەشتۈرۈپ، بەدىي يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ كەۋدىلەندۈرگەن. شۇنىڭدەك ئانا تىلنىڭ مۇقۇملىقىنى، قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن شائىر ئەشۇ تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەدىي سۈپىتى ژۇقۇرى مەنىۋىي بايلىقلارنى يارىتىپ، ئۆزىنىمۇ تونۇتتى.

ئەدىبنىڭ:

*ئېگىلمىدىكەن ئالما شاخلىرى،*
*مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسىرى.*
*كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،*
*سەتلىشىدىكەن غادايغانسىرى. —*

بۇ رۇبائىيسىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئىچىدە ياتقا بىلمەيدىغانلىرى ھەم ئۇنى ھېكمەتلىك سوز ئورنىدا قوللانمىغانلىرى ئاز بولسا كېرەك. شائىر موشۇ بىر پارچە رۇبائىي ئارقىلىق ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ، ئادىمىلىك سۈپىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە دېيىدىغان گەپلىرىنى جىڭغا ئولتارغۇزۇپ دەۋالغان.

ت. ئېلىيېۋ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ئۇلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان 18 يېشىدا يازغان بىر شېئىرىدا:

*جان ۋەتەنگە بەرگەن ئوتلۇق قەسىمىم،*
*يالقۇنلۇق يۈرىكىمدە مەڭگۈگە يانار.*
*ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى قالىدۇ ئىسمىم،*
*قەبرەم ئۈستىدە گۈللەر ئېچىلار.*

—دەپ يازسا، يەنە بىر شېئىرىدا:

*نومۇسىڭغا سادىق مەن، ۋەتەن،*
*ئوچۇرمەيمەن ئىشقى ئوتۇڭنى.*
*رازى ئېدىم شائىرلىقىمدىن،*
*كۆيلىيەلىسەم مۇھەببىتىڭنى.*

— دەپ يازغان ئېدى.

شائىر «ۋىراقتىن خەت» ناملىق شېئىرىنى باشتىن ئاخىر ھاياجانلىق تۇيغۇ بىلەن ژۇغۇرۇلغان ئەپچىل ۋىلقە سېۋىزىتنى قۇرۇپ يازغان. ئۇنىڭدا ۋەتەن ئاسمىنىنى تۇمانلار قاپلىغان زۇلمەتلىك يىللاردا، ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

*ئانا يۇرتىم سېغىندىم سېنى،*
*سەنمۇ بالام دەپ ئەسلەمسەن مېنى؟*
*مېنى سورىساڭ ياتنىڭ يۇرتىدا،*
*باغرىم كاۋاپ پىراق ئوتىدا.*

*سەن ماڭا ئەزىز ئانىسەن،*
*جىمى يۇرتتىن ئەزىزانىسەن.*
*ئىشقىڭ - ئىمانىم، قەلبىم سەن مېنىڭ،*
*تاۋاپگاھىم - كەئبەم سەن مېنىڭ.*
*ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئالسام دالامەت،*
*قالغايمۇ مەندە ھەسرەت - نادامەت.*
*بېشىم بىلەن ماڭسامۇ مەيلى،*
*يول ئازابى مەن ئۈچۈن سەيلى. —*

دېگەن مونولوگنى بېرىش يولى بىلەن ئايرىلىقتىن ئۇمۇملۇققا ئۇتۇپ، يات ئەللەردە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەننى سېغىنىشىنى، ۋەتەنگە تەلپۈنۈش ئارزۇ تىلەكلىرىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگەن.

*مەن ئۆلسەم ئەگەر،*
*ئېڭىكىمنى لەگمەن بىلەن چېتىپ قويۇڭلار.*
*جەسىدىمنى مەنتىگى بىلەن ژۇيۇڭلار،*
*يەرلىكىمنى سادىر سوقىقان ئەسۋاپتا،*
*ئېگىز دوگدىن ئويۇڭلار.*
*يۈزۈمنى خان تەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،*
*قىبلە - پىبلە دېگەن كەپنى قويۇڭلار. —*

بۇ شېئىرنى شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەنداش، قەلەمداش بىر مۇھاجىر دوستىنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئاخىرى پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنيا سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا بالا - چاقىلىرىغا ئېيتقان مۇقەددەس ۋەسىيىتىگە ئاساسلىنىپ يازغان.

پروزا ساھاسىدىن بولسۇن، شېئىرىيەت ساھاسىدىن بولسۇن،ياكى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ساھالىرىدىن بولسۇن، ياش كۈچلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا مۇراجەت قىلمىغان، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالمىغانلار كام ئۇچرايدۇ.

شۇم ئەجەل مەشھۇر شائىرنى ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئېلىپ كەتتى. خەلقىمىز ئالتۇن ئادەم، خاسىيەتلىك ئادەم دەپ مەدھىيلەپ كەلگەن شائىرىمىز 59 يىل ياشاپ، ئەدەبىيات گۈلزارىدا تۇيتۇغرا 45 يىل چېچەكلەپ، شېئىرىن مېۋىلەرنى بېرىپ، ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن 1989 - يىلى 19 - فېۋرال كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

مەشھۇر ئالىم، شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ قەلەمداش دوستى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇنداق دەپ يازدى:

*يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،*
*كۆچتى سامادىن مۇزدەك لەھەتكە.*
*قالدى چاقنىغان نۇرلىرى، لېكىن،*
*تۈگىمەس ناخشىدا بەلكى ئەبەدكە.*

دەۋرىنىڭ ۋىجدانى سۈپىتىدە ياشاپ ئاجايىپ تەسىرلىك ئىزلارنى قالدۇرغان شائىرنىڭ نامى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇلۇق ئىشلارنى قىلغان ئۇلۇق ئادەملەرگىلا مەنسۇپ.

تەييارلىغان يادىكار سابىتى.

## شىرپىدىن ئۆمەر

(ئاخىرىم بېشى ئۆتكەن ساندا)

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇنان ياۋروپا مەدەنىيە- تىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئاختۇرۇپ باقساق، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاساسىدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مۇلى بارلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. ياۋروپا فىلوسوفىيەسىدىن تارتىپ تېببى، ئىجتىمائىي پەنلەرگىچە قەدەر كوز تاشلى- ساق، ئۇنىڭدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان فورمىسىنى كورىمىز. ئەندى ئەينە شۇ ئۇلۇغ يۇنان مە- دەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ يۇنان دىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

دىن مانا شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جاھانغا سوزلىماتتا- يە ئېلىپ كەلگۈچى ۋە تارقاتقۇچى رولىنى ئوينىغان كەل- دى. شۇڭا بەلگىلىك مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ دى- نى شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەينىكىدۇر.

شامانىزم ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز يىل ھوكۈم سۈرۈپ، جاھانىي زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھۇن دولتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قانداق رول ئوينىغان بولسا، زاۋر ئاستىرا- مازدائىزم («ئاخىنلار»، «ساسانىيلار» سۇلالىلىرىنى بىر- لىككە كەلتۈرۈشتىمۇ شۇنداق رول ئوينىغان، جاھانغا داڭ- لىق مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولدى. دۇن- ياۋى دىنلار بولغان بۇددا، خرىستىيان، ئىسلام دىنلىرى توغرىسىدىمۇ ئەينە شۇنداق خۇلاسە ئېيتىشقا تامامەن مۇمكىن.

دۇنياغا داڭلىق مسىر ئېھراملىرىدىن تارتىپ، يۇنان، مسىر ھەيكەللىرى، دۇنياۋى كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بولغان «دۇڭخۇاڭ» ئاسارە - ئەتىقىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈ- تۈن مۇسۇلمان شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان جامەمەسچىتلەر، قەدىمكى ئابىدەلەر، رە- قىشلىرى، خەت - سەنئەتلىرى، ئۇلارنىڭ گۈزەل گۈمبەز، رە- سىملىرى قاتارلىق مادىدىي، مەنىۋى گۈزەل سەنئەت ئە- سەرلىرىنىڭ ئاساسىي سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنى دىنلارنىڭ تارىخىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

تارىخقا ماركىسچە نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، دىننىڭ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ تەرىپىمۇ بار. سىنىپلار پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمىيەت مەيداندا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم- لەش، ئۇلارنى قوغداش، ئەمگەكچى سىنىپلارنى ئېزىش قورالىغا ئايلاندى. شۇڭا لېنىن: «ھەر قانداق ھوكۇمران سىنىپ ئۆز ھوكۇمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپپاراتقا موھتاج... جاللات ۋە پوپقا ئىگە بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىدى.

سىنىپلار يوقىلىدىغان ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە دىن ئۇر- زىسى قورۇلۇ، «ئەپيۇن» ئەمەس، بەلكى نورمال ئېتى- قات ئۇرنى - ئادەت بولۇپ قالىدۇ.

### بۇددا دىنى ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت

ئۇيغۇرلار ئەڭ ئۇزاق ئېتىقات قىلغان دىنلارنىڭ بىرى بۇددا دىنىدۇر.

بۇددا دىنى مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئەتەكلىرىدە ياشىغان شاكى نامىلىق ھىندى قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ساكيامۇنى تەرىپىدىن يارىتىل- غانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ «يارات- قۇچىسى» ئەيسا قانداق ئەپسانە بولسا، ساكيامۇنىمۇ شۇنداق ئەپسانە. ئاما بۇددا دىنىنىڭ يارىتىلغان، دۇنيا- غا كەلگەنلىكى ھەقىقەت. بۇددا دىنى ھىندىستاندا پەي- دا بولۇپ، ئۇزۇن ئوتمەي ئىران، ئافغانىستان، كىشمىر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

بۇ دىن ئاساسەن ھىندى دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئاشوكا (ئاسوكا) زامانىسىدا (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن) كەڭ كولەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. تارىخى ئىلگىرى كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى كانىشكانىڭ زامانىدا ئەكشەر تارقىلىش خوتەنگە كىرىش- كە باشلىدى.

خوتەن جاھانغا مەشھۇر ئىپەك يولىنىڭ غەربىي قاتناش ئوتتۇرىسى ئىدى. ئۇنىڭ شەرقىي بۇ چاغ بەنچۇ، ئۇنىڭ كۆچارغا ياۋروپا تۈركىي ئاۋۋال تارقالغان بولۇپ، ئۇ خوتەن خانلىقىنىڭ كەشمىر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىسى بار ئىدى. خوتەننىڭ ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي ئەھ- ۋالى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىدا ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى، تەلپۈنۈشلىرى ... بۇ چاغدا خوتەن خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كۈچلۈك خانلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەنۇبىي (قەدىمكى) 13 بەگلىك قاتارلىق، ئۇنىڭ مانا شۇنداق ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنى بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشىگە قولايلىق شارائىت ھازىرلىغان ئىدى.

«پادىشا شەھەرنىڭ جەنۇبىدا – 10 نەچچە يول ئۇ- زاقلىقتا ياش ئورمانلىقتا ئارام ئېلىپ، ئۇنى بۇ دىننىڭ ئوت- كەن پادىشاسى، ئالوخاننىڭ كەلگۈلۈكىدىن كەلگەن ئىكەن.

قەدىمكى بۇددىزم ۋە بۇ دولەتكە تارقالغان ۋاقتىدا ئالوخان كەشمىردىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئورمانلىقتا ماكان تۇتقان. ئۇنى كورگۈچىلەر ئۇنىڭ قىياپىتىنى، كىيىم – كېچەكلىنى،

ھال ئەھۋالىنى پادىشاغا مەلۇم قىلىدۇ. پادىشانىڭ ئوزى كېلىپ كورىدۇ.

– كىمسىز ۋە نېمىشقا يالغۇز ئورمانلىقتا تۇرىسىز؟

ئالوخان:

– مەن ساكيامۇتلەنىڭ شاگىرتى. پادىشا، ئەگەر سىز، بەخت ئورنىسىنى، بۇددا دىنىنى بىيىتىشنى ياخشى كورسىڭىز ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ، راھىپلارنى توپلاڭ!

پادىشا:

– ساكيامونى قانداق پەزىلەت، قانداق خىسلەتلەرگە ئىگە، سىز نېمە ئۇچۇن قۇشقا ئوخشاش ئورمانلىقتا ئۇ- چۇپ جاپا چېكىسىز؟

ئالوخان:

– ساكيامونى جىمى تىرىكلىكلەرگە مېھرىۋان، ئالەمگە يېتەكچى. ئۇ ھەم ئاشكارا، ھەم يوشۇرۇن، ئولۇكمۇ، تىرىك- مۇ كورۇنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئو- لۇش، تىرىلىش دېگەنلەردىن خالىدۇر...».

شۇەنجاڭدىن 200 يىل بۇرۇن خوتەندىن ھىندىستان- غا ئوتكەن خۇي سىڭمۇ ۋۇقۇرقى رىۋايەتنى خاتىرىلەي- دۇ. بۇ ۋاقىت جەھەتتە بۇددا دولىتى قۇرۇلۇپ 165 يىل ئوتكەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنى ۋە

بۇددا دىنى ئىچكى ئولكىلەرگە توخارلار بىلەن (كو- شان دولىتىنى ئەينە شۇ توخارلار قۇرغان. جۇڭگو يىلنا- مىلىرىدا توخارلار دايۇئەيشى دېيىلىدۇ)ئۇيغۇرستان ئۇي- غۇرلىرى تەرىپىدىن تارقالغان. بۇددا دىنى ئۇيغۇرستانغا كىرگەندىن كېيىن ھوكۇمران ئىدېولوگىيە سۈپىتىدە ئەدەبىيات – سەنئەتكە كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەندىن تاشقىرى بۇددا مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىردى.

ئوز زامانىسىدىكى ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەس- ساملىقنىڭ چوققىسى بولغان «دۇڭخۇاڭ» مىڭ ئويلىر- دىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەدەنىي يادىكار- لىقلار ئەينە شۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىسىل يالدامىسى- دۇر. جۇملىدىن ۋەتىنىمىزدىكى توغرا ئېقىن مىڭ ئويى (توقسۇدا)، شىكشىن مىڭ ئويى (باينغولىندا)، يارغۇل مىڭ ئويى (تۇرپاندا)، بىزەكلىك مىڭ ئويى (تۇرپاندا)، سىڭگىم مىڭ ئويى (تۇرپاندا)، قۇم تورا مىڭ ئويى (كۇ- چاردا)، مازار بېغى مىڭ ئويى (كۇچاردا)، سىم – سىم مىڭ ئويى (كۇچاردا)، قىزىل قاغا مىڭ ئويى (كۇچاردا)، قىزىل مىڭ ئويى (بايدا)، قىترە مىڭ ئويى (بايدا)، ئون باش مىڭ ئويى(بايدا) قاتارلىقلار... ئەينە شۇ بۇد- دا مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن باي مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر

دۇر. ۋۇقۇرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان سەخسلەرنىڭ رەسىملىرى (ھىندى راھىپلىرىنىڭ دىنى كىيىملىرىنى كىيگەن ھالەتتىكى قىياپەتلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا)بەك ئاز. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ رەسىملەر شۇبھىسىز قەدىمكى زې- مانغا ئائىت رەسىملەردۇر. بۇلارنىڭ كىيىملىرى (قىسقا چاپان) شۇلاردىن ئىبارەت. پاچىقىنىڭ يېرىمىغە چۇش- كەن ناھايىتى زىننەتلىك جەكەت (قىسقا چاپان) بو- ينىغمۇ ياقىسى ئۇچ بۇرجەكلىك ئوچۇق، بىر تەرىپىدە يال- غۇز قايرىما ياقىسى بار. بەللىرىگە ئىران يۇرۇشىدە ئىك- كى ئاسقۇچ بىلەن خەنجەر ئېسىلغان. شالۋۇر، ئۇزۇن قونچىلىق (جەزما) ئوتۇك كىيگەن. ئوتۇك قونچىلىرى- نىڭ ئۇستى لەززۇن سىرمالار بىلەن بېزەلگەن. باشلىرى بىر قولياغلىق يا بولمىسا بىر ئىلگىرەتى ساچ (بىرۇتە) بى- لەن ئورالغان ۋە بۇ ھەر ئىككى باش يوكەيلىرى قەدىمى- كى مىسىر سەنئىتىنى ئەسلىتىدۇ. ۋۇقۇرىدا ئېيتىپ ئو- تۇلگەن قىياپەتلەر ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىتىلغانلار «قىزىل» دىكى ئاقۇزگەك ۋەخىي رەسىملىرىنىڭ ئەڭ كوپلىرىدە. بولۇپمۇ «ئاساترى ھىسيۇتاھىپ غارلىرى» دەپ ئاتال- غان غارلاردىن خەۋەردار بولغانلارنىڭ تەسۋىرلىرىدە كو- رۇنىدۇ. ۋەخىي رەسىمنىڭ يېگىلىرىدا كورۇلگەن چوڭ

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمىيىتىدە

شەھەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «زەيتۇنمۇ» ئىبادەت- خانىسىنىمۇ ئالوخان راھىپ سالدۇرغان بولۇپ، بۇددا - نىڭ خوتەنگە مىلادىدىن بۇرۇنقى 75 - يىللىرى تارقال- غانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ رەقەم «تىبەت قىسسى»دى- مۇ، «غەربىي خاتىرىسى»دىمۇ شۇنداق.

بۇددا توغرىسىدىكى ئەڭ نوپۇسلۇق كىتاپنىڭ بىرى بولغان «فاشەن قىسسى»دە بۇددا سەيلىسى توغرىسى- دا تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا خوتەندىكى چوڭ ئىبادەتخانىدا راھىپلارنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغى، ئۇش- شاق ئىبادەتخانىلارنىڭ سانسىزلىغى، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەيلە باشلىنىدىغانلىغى، راھىپلارنىڭ باشلىغى كوم- تى بولۇپ، ماخىيانا مەزھىپىگە مەنسۇپلىغى، پادىشانىڭ ئۇنىڭغا چوڭ ھورمەت - ئېھتىرام بىلەن قارايدىغانلىغى ھېكايە قىلىنىدۇ.

بۇددىزمنىڭ يانا بىر مەركىزى تۇرپان بىلەن كۇچار ئىدى. بۇ كۇچار خانىشىنىڭ جىيەنى مەشھۇر بۇددىست كومىرا جىۋانىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاختىغا توغرا كېلىدۇ.

«كۇچاردا ئىبادەتخانا ناھايىتى تولا، ناھايىتى چىراي- لىق زىننەتلەنگەن، پادىشا سارىيىدىكى نەقىشلەر بۇ ئىبا- دەتخانىدىكىدىن ئارتۇق ئەمەس. مەشھۇر رامو ئىبادەت- خانىسىدا راھىپلار 700دىن ئاشىدۇ. شىمالىي تاغدىكى «زىلى لەنجان» ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىپلىرى 50 نەپەر، جەنمۇ «ۋاڭ شىڭ» ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى 70 نە - پەر... «ۋاڭ شىڭ» ئىبادەتخانىسىدىكى 90 نەپەر راھىپ- نىڭ ئارىسىدا كومرا جىۋا دېگەن ياش راھىپ بار. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، ماخىياناچىنىڭ شاگىرتى. بۇ ئۇچ ئى- بادەتخانىدىكى موناشكىلارنىڭ كوپچىلىگى پامىر شەرق- دىكى پادىشا كېنىزەكلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ژىراق يەرلەردىن بۇ يەردىكى ئىبادەتخانىغا يىغىلغان».

بۇ چاغدا غەرب ۋە شەرقتىكى بۇددىزم مەركەزلىرى- دىن بىرى كۇچار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا بۇددا دىنى- نىڭ ئەڭ يېتىلگەن ئالىمى ۋە ئۇلۇغ شائىرى كومىرا جى- ۋانىڭ كۇچاردىكى پائالىيىتى غەرب ۋە شەرقنى ئوزى- گە تارتقان ئىدى. ئۇنى ناھايىتى ئۇرغۇن بۇددىست ئالىملار كېلىپ زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ قايتاتتى. ئۇ ئۇرغۇن بۇددىست شاگىرتلارنى تەربىيىلەت- تى. كېيىن ئۇ بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۇچۇن ئىچكىرى- گە - لوياڭغا بېرىپ، تەرجىمانلارنىڭ باشلىغى بولۇپ تۇرغان ۋە ناھايىتى ئۇرغۇن بۇددا كىتاپلىرىنى بىۋاستە سانسكرىتتىن تەرجىمە قىلغان، بۇددا مەدەنىيىتىنى ئىچ- كى ئولكىلەرگە تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان.

ئۇ كەشمىردە ئوقۇۋاتقاندىلا چوڭ شوھرەت قازىنىپ، داڭقى غەرب، شەرققە يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ- ڭا ئۇ، ئوقۇش پۇتتۇرۇپ قايتىش ۋاقتىدا پادىشا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ياساتقان ئالتۇن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇددا دىنى كانىشكاي 2 - نىڭ زا- مانىسىدا (مىلادى 110 - يىلدىن 125 - يىلغىچە) قەشقەر ئەتراپىدا رەسمىي تارقالغان بولسا، مىلادى 2 - ئەسىرلەردە كۇچار، تۇرپانغا تارقىلىپ، كۇچار، خوتەن، تۇرپانلار بۇددا دىنىنىڭ چوڭ مەركەزلىرىگە ئايلانغان ئىدى.

ژىغىپ ئېيتقاندا بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇن بىرىن- چى ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرستانغا رەسمىي تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خوتەندىن پۇتۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا رەسمىي تارقىلىپ بول- غان. ھەتتا 4 - ئەسىردە بۇددا دىنى تۇرپان خانلىقلىرى- نىڭ رەسمىي دولەت دىنى دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن ئىدى.

قىسمىدۇر.

ئەپسۇسكى، بۇ جايلاردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار - نىڭ ئاساسىي قىسمى ۋۇقۇرقى باپلاردا ئېيتىپ ئوتكىنى- مىزدەك چەت ئەل جاھانگىر مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ كېتىلگەن ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالىڭى- دىن قالغان بىر قىسمى ۋەتىنىمىزگە ئىسلام دىنى كىرگەن- دىن كېيىن، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى تە - رىپىدىن ئۇززۇل - كېسىل ۋەيران قىلىنغان. بۇنىڭدا بۇد- دا دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى مەركەزلىرىدىن بولغان خوتەن- دىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچە باي مەھسۇلاتىنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىغى تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ ھالنى بىز تۇرپان، كۇچار، ئاقسۇلاردىمۇ ئۇچۇق كورەلەيمىز.

ئېمىس سەيياھلىرى لىكوك بىلەن گرىنۋىدىل ئاق- سۇ، كۇچار «مىڭ ئويلىرى»دىن ئېلىپ كەتكەن ئاسارە - ئەتىقىلەردىن 1912 - يىلى بېرلىندا «چىنى تۈركستان- دا قەدىمكى بۇددا مەدەنىيەت ئىزلىرى»، 1920 - يى- لى «كونا كۇچار» نامى بىلەن ئىككى توم رەسىملىك ئات- لاس كىتاپ نەشر قىلدۇردى. كېيىنرەك لىكوكنىڭ «يېڭى تۈركستان» (ئىستامبولدا چىقىدىغان ژۇرنال) - نىڭ بىرىنچى ساندىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت ۋە مە- دەنىيەت تارىخىغا ئائىت رەسىملەر ئاتلاسى»ناملىق ئە- سىرىدە توۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

«كۇچار ھوكۇمرانلىرىنىڭ يەر ئاستىدا كومۇلۇپ قال- غان ئىبادەتخانىلىرىنى تېپىپ چىقارغان ۋاقىت مەزكۇر ھوكۇمدارلارنىڭ بۇ ئىبادەتخانىلارغا بېغىشلىغان ۋەخىي- لىرى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان ۋەخىي تەسۋىرلىرى- نىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرلىرىنى زادىلا ئۇنۇتالمايمەن. تۇرپان ئەتراپىدىكى ئىبادەتخانىلاردا ئۇ يەردىكى ھوكۇم- دارلار، بەگلەر ئوز تەسۋىرلىرىنى كىشىنى ھەيران قالدۇ- رىدىغان دەرىجىدە كوپ قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپەت، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ئاسىيادىن كېلىپ چىققان- لىقىنى ۋە ئەسەرلىرىمۇ ئاسىيا مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەر- لەر ئىكەنلىكىنى كورستىدۇ. ھالبۇكى، كۇچاردىكى رە- سىملەرگە قارالسا، بۇلار دەرھال ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسەر- لىرىدىكى رەسىملەرنى ئەسلىتىدۇ». ئەركەكلەر ئىشەنگ- لى بولمايدىغان بىر پارلاق ئەسكىرى قىياپەتتە ئۇززۇن، تۇز قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا تۇرىدۇ. قىلىچلىرىمۇ بەگ- لەرگە خاس مەدەنلىك كەمەرلەرگە ئورالغان، خوتۇنلار بولسا قىممەتلىك كىيىم، سىرمالىق كورساژ، ئۇززۇن ۋە بىر- ئاز سېرىغراق كوينەك بىلەن كورۇنىدۇ. بەدەنلىرىمۇ بىر- ئاز ئالدىغا مايىلراق، بۇلار يېقىن زامانلارغا قەدەر ياۋروپا خوتۇنلىرىنىڭ رەسىمدە كورۇنىدۇ.

بىرىنچى قاراشتا بۇ ئەسەرلەر غوتىك (غوتىك ياكى گوتىك 12 - ئەسىردە ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن ئارخى- تېكتورلۇق سەنئىتى) ئۇسلۇبىدىكى گۈمبەزلەرنى ئەسلەت- سىمۇ، دىققەت قىلغاندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ غەربىي ياۋرو - پا ئەسەرلىرىگە تەقلىت قىلىنىپ سىزىلغانلىغى، ناھايى- تى ئوخشاپ كېتىدىغانلىغى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئەلۋەتتە كىيىم - كېچەك قىياپەت بىلىمى مۇتەخەسسى- لىرى بىلەن بىرلىكتە تەكشۇرۇپ سېلىشتۇرغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەلۇمكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاياقلىرى- دا ئاسىيادىكى قوماشلار (رەخلەر) ياۋروپا ئاق سو- ڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدا كىيىم ئۇچۇن بەك لايىق كورۇلۇپ، ئىستىمال قىلىناتتى. بۇ قوماشلار كىرىم قىلىپ تىك- لىپ، ياۋروپاغا كەلتۇرۇلگەنلىكى ۋە ياۋروپا ئۇچۇنمۇ سودا نەمۇنىسى بولغانلىغى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئەركەك كىيىم - كېچەكلىرى:

تاملارغا رەسىملىرى سىزىلغان شەخسلەر ئاق سوڭەك تەبىقىسىگە مەنسۇپ، بۇ ئالىيەلەر. بەگلەر ھوكۇمدارلار -

قايرىما ياقىلار بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ كېيىنكى دەۋر - لەرگە تېگىشلىك.ياقىلىرى كوپىنچە بىر تەرەپلىك بولۇپ، مەخسۇس ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ قىر- غاقلىرى كەشتىلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە يالغۇز بىر تە- رەپلىك ئۇچ تۇردىكى ياقىلارمۇ ئۇچرايدۇ. يېقىنقى زامان- لاردا بۇ ئۇچ بۇرجەكلىك قايرىما ياقىلار بويۇننىڭ ھەر تەرىپىگە ساڭگىلىماقتا. ئاستىدىمۇ باشقا ياقىنىڭ شەكلى بار. ياقىلارنىڭ تۇززۇلۇشىدىكى ئايرىمچىلىقلار بىزگە مە- لۇم بولغان مەرتىۋە پەرىقلىرىنى كورستىدۇ. مەسىلەن، ئۇچ تۇرلۇك تۇززۇلۇشتىكى ياقىلار ئالىي دەرىجىنى، بىر تەرىپى پۇكۇلگەن ئويدۇرىلىق ياقىلار بۇنىڭغا قارىغاندا تۆۋەن دەرىجىنى كورسەتسە كېرەك. مەسىلىنىڭ بۇ يول بىلەن ئايرىلىشى كىيىم - كېچەك ۋە ياقا تۇززۇلۇشىنىڭ ھەر تۇرلۇك زامانلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنى پەرىز قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

«قىزىل ئون ئالتە يارالىق كىشى» غارلىرىدا بولغان چوڭ رەسىملەردە ئەركەكلەرنىڭ كىيىملىرى بەك تازا، باش كىيىملىرى مويدىن قىلىنغان. تىككىلىرى كورۇنمەي- دۇ. مەسىلەن: كۇچارنىڭ شەرقىدىكى «كىرىش خارابىلى- رىدىن تېپىلغان مىلادىنىڭ 750 - يىللىرىغا ئائىت بول- غان رەسىملەرگە قارايدىغان بولساق، باش كىيىملىرى شەرقىي تۈركستاندا قوللىنىلىدىغان قالپاقلارغا ئاجايىپ ئوخشايدۇ. يەنە رەسىملەردە سوسەر تېرىسىدىنمۇ كىيىم - كېچەك ئۇچۇن ئىشلىتىلگەنلىكىنى كورىمىز. ئاستا - ئاس- تا كىيىم كوپەيتىلگەن بولۇپ، كىيىم كېيىشتىكى مەخسەت- نىڭ نېمە ئىكەنلىكىمۇ ئوز لايىقىدا توغرا ھەل قىلىنغان. بۇ خىل كىيىمنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى كۇچار ھوكۇمدارى رەسىمىدە كورىمىز. ئەپسۇسكى بۇ رەسىم كوپ بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئاما كىيىم ھەققىدە بەزى پىكىرلەرنى ئېيتىش مۇمكىن. بۇلار ئىچ كوينەكتىن باشقا يەنە بىر كوينەك كىي- گەن. بۇمۇ قىشلىق كىيىم، بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەرنىڭ («قىزىل »نىڭ) ئىقلىمى بەك سوغ بولسا كېرەك.

خوتۇن قىياپەتلىرى:

ئەركەكلەرنىڭ كىيىملىرى قانچىلىك چىرايلىق تۇيغۇ بەرسە، خوتۇنلارنىڭ كىيىملىرىمۇ كۇچلۇك تەسىر بېرىدۇ. بۇ يەردە نازۇك كەشتىلەنگەن بەك تار، ئىسسىق كورسىك- لەر كىيگەن خوتۇنلارنى كورىمىز. ئالدى ئوچۇق ياكى ئوتتۇرىسى كوپتۇرۇلگەن بولۇپ، يەڭلىرى بىلەكلىرىگە يېپىشقان. بەزەن كورساژلارنىڭ ئېتەكلىرى گۈللۈك، يول- لۇق بولۇپ، ئارىلىرىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغانلىقى، ئېتەكلە- رىنىڭ يەردە سورۇلۇپ قالىدىغان دەرىجىدە ئۇززۇن بو - لۇشى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى نېمىس خوتۇنلىرىنىڭكىدەك باش كىيىملەرنى كىيىشى، كىشىنىڭ كوز ئالدىغا پۇتۇن- لەي ياۋروپا كىيىملىرىنى كەلتۈرىدۇ.

رەسىمدىكى خوتۇنلار يۈزلىرىنىڭ چىرايلىق، نازلىق بىر تۇستە بولۇشى بۇ تەسىرنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. خوتۇن- لار قوللىرىدا تەسۋى، پاقىراق زىننەت بۇيۇملىرى ياكى بولمىسا گۈللەرنى تۇتقان. كېرمانلارنىڭ قەدىمكى ئاق- سۇڭەك تاجلىرىغا ئوخشاش ئۇنچىلەر بىلەن بېزىلگەن ھاللار تولىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇ. ئەركەكلەرنىڭ قىياپەت- لىرى شەرقىي ساسانى ئىكەنلىكىنى كورسەتسە كېرەك. ئاما خوتۇنلارنىڭ قىياپەتلىرىدە ساسانىلارغا ماس كەلگۈ- دەك ھېچ بىر نەرسىنى كورمىدۇم، بەلكىمۇ يوق. بۇنىڭ- دىن قارىغاندا ۋۇقۇرقى تەسۋىرلەرنىڭ ئومۇمى كورۇ - نۇشلىرىدىن ئاڭلىشىلسا كېرەك...»

يەنە لىكوك «شەرقىي تۈركستاندا ھىللىن ئىزلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 113- بېتىدە كۇچارلىقلارنىڭ كىيىم- لىرى ئۇستىدە توختىلىپ: «قۇم تورا ۋە قىزىل ئىبادەت- خانىلىرىدىكى ۋەخىي رەسىملەر ۋە بۇ يەردىكى كىيىم ئۇسخىلىرى قەدىمكى غوتىك گۈمبەزلىرىدىكى رەسىم-

# دىن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت

لەرنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن دىققەت بىلەن قارالسا بۇ رەسىملەرنىڭ ئايرىم ئىسكەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغانلىقلىرى كورۇنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلاردىكى بۇ ھال بۇرۇن ھىندىستانلىقلاردا چېلىققان بولسا، ياۋروپا، ئىتالىيەگە 16 ـ ئەسىردە ئاران كەلگەن. بۇ يەردىكى رەسىملەر چاچلىرى ئاق ياكى قىزىل ـ قىزغۇچ رەڭدە كورسىتىلگەن. بۇ تەبىي رەڭمۇ ياكى ئۇزۇن چاچلارنى شۇنداق بويامدۇ، بۇ مەلۇم ئەمەس. خوتۇنلارنىڭ كورۇنۇشى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، كوكسىلىرى ئوچۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىران ۋە تۇرك رەخلىرىدىن ئىشلەنگەن لىباسلارنى كىيگەن، بۇ رەخلەر تۇزۇلۇشىدىن قارىغاندا شەرقتىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ كىيىملەر يالغۇز رەخ ھالدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي تىكىلىپ شەرقتىن ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلغاندۇر. ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل قەۋرىلەرنىڭ زامانى 7 ـ ئەسىردە بولۇپ، ئارىلىقى بەك ئۇزاق بولسىمۇ، ھېچ قانداق ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى شەرقتىكى مودا غەربتىكىگە ئوخشىمايدۇ. شەرقتە بىر مودا ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: «دۇڭخۇاڭ»دىن ئاۋرېل ستەيىن تەرىپىدىن تېپىلغان بىر



بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىنىڭ تاشقى كورۇنۇشى.

قىممەتلىك تۇمار ئىچىدىكى رەسىملەردىكى كىيىمنى يەرلىك ئاھالە بۈگۈنمۇ كىيمەكتە. ھالبۇكى ئارىدىن مىڭ ژىل ئۆتكەن...» ( ئەخمەت زەكى «قەدىمكى كۇچارلىقلار مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1949 ـ ژىلى نويابىر سانى) دېيىلىدۇ.

مانا بۇ بىر چەت ئەللىكنىڭ كۇچار ئەتراپىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بۇددا دىنىغا ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن چىقارغان خۇلاسىسى.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر رەسساملىقى شۇنچىلىك ژۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئۆز زامانىسى رەسساملىق سەنئىتى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى خېلىلا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن.

1926 ـ ژىللىرى ئاكادېمىك بارتولد ئىستانبۇلدا تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا بەرگەن لېكسىيەلىرىدە ئۇيغۇرلارنى ئېھتىمال، كېيىم مودىلىرى ۋە ئۇلار كىيگەن كىيىم رەخلىرىنى شەرقتىن غەربكە كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا سوزلىگەن ئىدى. فون لېكوك بولسا، تۇرپاندىن تاپقان ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ پىكىرنى تېخىمۇ ئالغا سۈردى. مودىنى كونا ئۇيغۇر تىلىدا «تولا» دېيىدۇ. دېمەك ئۆتمۈشتە 7 ـ ئەسىرلەردىكى كىيىم مودىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرلاردىن شەرققە كەلگەن بولسا، بىزدىن غەربكە ـ ياۋروپاغا بارغان. ياۋروپالىقلار بۇ سەۋىيىگە 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردە ئاران ئېرىشكەن.

رەسساملىقتىكى گۈزەللىك، نازۇكلۇق، جانلىقلىق 19 ـ 20 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا رەسساملىق دەرىجىسىگە كوتىرەلىگەن.

ئۇيغۇرچى ئومۇمى فاكتلاردىن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى، بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى توغرىسىدا كەلگەنلىكىدىن بەدىئىكارلىق تەرەققىي قىلدى. ئۇنى بۇددا ھورمىتىگە لايىق كوزگە ئالاشتۇرۇش ئۈچۈن تەقلىدلىق تەرەققىي قىلدى. ساكيامونى ۋە ئۇنىڭ راھىپلىرىنى تەسۋىر قىلىش ئۈچۈن رەسساملىق تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شەخس ۋە تۈرلۈك رەسىم سىزىش تەرەققىي قىلدى. بۇتلارنى نازۇك زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن زىننەتلەش ئۈچۈن ئالتۇن، كۈمۈش زەرگەرلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرچى ئاملارنى ئىبادەتكە ئاتىغۇزۇش قول

سانائەت، ئېغىر سانائەت ۋە دېخانچىلىق ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

ئەندى يازما يادىكارلىقلارغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتپەرۋەرلىك خىسلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خوشنا مىللەتلەرنىڭ يېزىق، مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يېزىقلار بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باي مەنىۋى كوز قاراش، ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار توخار، تىبەت، سانسكرىت ( ھىندى)،مانى يېزىقلىرىنى خوتەندىن تارتىپ كۇچار، ئاقسۇ ئەتراپىغىچە ئىشلەتتى. ئاۋرېل ئىستەيىننىڭ خوتەندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ماتېرىياللىرىدا خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىبەت، توخار يېزىقلىرىدىن پايدىلانغانلىقى مەلۇم. چەتئەل ئىلمىي تەكشۇرۇش ئومەكلىرىنىڭ كۇچاردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن «مايترىسىمىت» ( 6 ـ ئەسىرگە ئائىت دراما) نىڭ توخار يېزىقىدا يېزىلغانلىقى ئەندى مەلۇم بولماقتا. نېمىس ئالىمى غوستاف ئاھانون «جۇغراپىيە سوھبەتلىرىگە مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 335 ـ بېتىدە «... مۇناستىرلاردا تېپىلغان يېزىقلاردىكى ھاياتقا ئائىت پۈتۈن نەرسىلەر سانسكرىتچىدۇر. يەرلىك ھوكۇمدارلارنىڭ «ۋەخپى»لەرنىڭ ئىسىملىرى، كىتاپلىرىمۇ سانسكرىتچىدۇر. تارىخىي ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ بىلىمىزكى، كۇچار ۋە ئاقسۇ ئەتراپى بىزگە مەلۇم بولغان دەۋرلەردىن بېرى تۈرك(ئۇيغۇر دېمەكچى) يۇرتى ئىدى. ئاھالىسىنىڭ پۈتۈنلەي تۈرك ئىكەنلىكى جانابى لىكوكنىڭ نەشر قىلغان ۋەسىقىلىرى بىلەن «يارچوق» ( مارالۋېشى) ئەتراپىدىكى «تۇمشۇق» خارابىلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ سانسكرىتچە ئىدى ۋە ساسانى مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرمۇ تېپىلغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەربىي تۈركىستاننى ئەرەبلەر، شەرقىي تۈركىستاننى تىبەتلىكلەر ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەردىن چىنلىقلارنى چەتكە چىقىرىپ تاشلىغان زامانلاردىمۇ ( 800 ـ 855 ـ ژىللار ئوتتۇرىسىدا) بىر قىسىم چىن گارنىزونى كۇچار ۋە قارا شەھەر ئەتراپىدا ياشاپ قالغان ئىدى...» ( ئەخمەت زەكى «قەدىمكى كۇچارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىن.) دەپ يېزىلغان. ئەينە شۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن تىبەت يېزىقىنىمۇ كوپىرەك شۇ ئەتراپتا ئىشلەتكەن ئىدى. خەنزۇ يېزىقىنى تۇرپان، قۇمۇل ئەتراپىدا ئۆز تىلىغا ماسلاشتۇرۇپ، يەنى ئۇيغۇرچە تىلنى ئەينە شۇ يېزىقلار بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ ھالنى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: ئۇيغۇر كاپىرلىرى بىر خىل يېزىقنى ئىشلىتىدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە چىنلىقلاردىن باشقا كىشى ئوقۇمايدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى.

ئامما ئۇيغۇرلار ئاھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىدا ئىجات قىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقىنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەپ ئېلىپپەسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنى، كېيىن ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يېزىقنى ئىشلىتىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئاكادېمىك رادلوۋ ئېيتقاندەك: تۇرپان ۋادىسىنى ئاساس قىلغان كەڭ رايوندا كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ باي يازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتتى.

مانا شۇ يېزىقتا ھازىرچە دۇنياغا مەلۇم بولغان بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلغان تۆۋەندىكى بەدىي يادىكارلىقلار مەلۇم: «ئالتۇن يارۇق» تولۇق ئىسمى ( يالتىراق قۇپتا كوتىرىلمىش نوم، ئىلىك ئاتلىق نوم). بۇنىڭ 1908 ـ ژىلى ف. ۋ. ك مولىېر تەرىپىدىن، 1910 ـ ژىلى س. مالوۋ تەرىپىدىن گەنسۇدىكى سۇجۇ شەھىرىنىڭ ۋەنفگو بۇتخانىسىدىن تېپىلغان نۇسخىلىرى بار. بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدە مالوۋ تەرىپىدىن تېپىلغان نۇسخىسى ئەڭ مۇكەممەل بولۇپ، 700 بەت. بۇنىڭدىن باشقا بۇددا دۇنياسىدا ئەڭ چوڭ، شېرىي تىلدا يېزىلغان تەنقىدى ئەسەر «ئابىخى دارما كوشا» ( بۇددانىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى) بولۇپ، بۇنى ئاۋرېل ستەيىن تۇرپاندىن تاپقان، ئۇنى كالكوتتا مەدرىسىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور دىنسون روسسو نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرنىڭ دۇنيادا پەقەت تىبەت، خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدىلا نۇسخىسى بار. 10 ـ ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇرچە ( بىردىن بىر نۇسخىسى پارىژ دولەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان)80 بەتلىك «شاھزادە قالىيامكارا ۋە پاپام قارا ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن ئەسەر بولۇپ، بۇنى پ. فىليوت فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان.

بۇلاردىن باشقا مولىېر تەرىپىدىن تېپىلغان پ. فىليوت فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى 4 داستان «چاستانا»، «دانتى پالا»، «تۇشقان ھەققىدە چاتاق»، «چوڭ مايمۇن باتمال» قاتارلىق داستانلار خىلمۇ ـ خىل بۇددا كىتاپلىرىدىن تاللاپ قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر بار.

ژۇقۇرقى ئەسەرلەر بۇددا دىنىنى ئىدىيەۋىي ئاساس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ۋەقەلەرنى بەدىي تىل بىلەن، بەدىي ئوبرازلىق خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرغا ئىگە بولغان «ئالتۇن يارۇق»، بۇددا كىتاپلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس ھىساپلانغان كىتاپلاردىن بىرسى بولۇپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش، كوچۇرۇپ تارقىتىش ئۆز ۋاقتىدا «مۇقەددەس ۋەزىپە» بولۇپ تونۇلاتتى.

تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ تۇنجى كوچۇرۇلۇپ تارقىلىشى مۇنۇ ئىككى رىۋايەت بىلەن ئىزاھلىنىدۇ: بىرىنچىسى مەلۇم جايدىكى چوڭ خان ئۆز ئېلىگە كەلگەن چوڭ بىر بالا ـ قازانى يەڭگىنى ئۈچۈن ئۇنى كوچۇرۇپ تارقىتىپ «مۇقەددەس ساۋاپ»قا ئىگە بولغان بولسا، ئىككىنچى بىر خاننىڭ سويۇملۇك مەھبۇبىسى ئېغىر ئاغرىقتىن خالاس بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى كوچۇرۇپ تارقاتقان. شۇندىن باشلاپ مۇنداق قىلىش بۇددا قائىدىسى بويىچە ياخشىلىق«مۇقەددەس ساۋاپ»نىڭ سىمۇولى بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋال تا 17 ـ 18 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: دۇڭخۇاڭدا بىر بەگنىڭ توشقان 26 ـ ژىلى، يەنى كاڭشى 26 ـ ژىلى ( مىلادى 1702 ـ ژىلى) بىلگە ئاتاۋۇلغا «ئالتۇن يارۇق»نى 2 كالا، 10 قويغا كوچۇرتكەنلىكى بىزگە س. مالوۋنىڭ «قېدىمى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتاۋىدىن مەلۇم.

دۇنيادا ئەڭ كوپ تارقالغان دىنلار بۇددا، خرىستان، ئىسلام دىنلىرى ھىساپلىنىدۇ. بۇنى ئادەتتە ھازىرقى زامان دىنلىرى دەپ ئاتاپ، ئۇلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى كوپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان دىنىي شەكىللەردىن پەرىقلەندۇرۇلىدۇ. ھازىرقى زامان دىن شەكىللىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا بىر «ئالللا»غا ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كوپ ئىلاھلىق دىن بىر ئىلاھلىق دىن بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى دىن پەرىقلىق ھالدا قۇللۇق تۇزۇمدە ئېزىلىۋاتقان ئىنسانغا ئۆزلىرىچە «نىجات يول»نى كورسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇلارچە ھازىرقى دۇنيا پانى( ۋاقىتلىق ياكى يالغان) بولۇپ، ئولگەندە باقى دۇنياغا ( مەڭگۈلۈك، چىن ـ ھەقىقى) ئىگە بولىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇش پەقەت باقى دۇنيا ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، ئادەملەرنى سىناش، ياخشى ـ يامانلىرىنى ئايرىۋېلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ھازىرقى زامان دىن تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا قىلچە ئازار بەرمەسلىك ( چۈنكى ئادەم ئولگەندە ئۇنىڭ جېنى ھايۋانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەپ قاراش) بۇددىزىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پرىنسىپلىرىنىڭ بىرسى، بىز بۇنىڭدىن قېدىمى باشلانغۇچ جەمئىيەت دىنلىرىنىڭ كونكرېت تەسىرىنى كورىمىز.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ژۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك ئوخشاشلا دىنىي كوز قاراشنى ئاساس قىلاتتى. بۇ دەۋردە بۇددا پۈتۈن ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇراتتى... ئەدەبىيات يەنىلا دىننىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەسىلەن «ئالتۇن يارۇق»نىڭ بىر پارچىسىدا بۇددا دىنىنىڭ ژۇقۇرقى پرىنسىپى مۇنداق ئەدەبىي شەكىل بىلەن كورسىتىلىدۇ: «ئىنچۇۋۇ دېگەن يۇرتنىڭ كېتاۋ دېگەن بېگى بولۇپ، قىزىنىڭ تويىغا نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى سويىدۇ. توي تۈگەپ ئۇن كۈن ئوتمەي بەگ ئاغرىپ، پالەچ بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئاز كۈن ئوتمەي ئۇيۇقسىزلا ئولۇپ قالىدۇ. لېكىن ھەممە يېرى مۇزلاپ پەقەت ژۈرىكىلا ئىسسىق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بەگنىڭ ئولۇكىنى 4 كۈن ساقلايدۇ. ئاخىرى دەپىنە قىلىدىغان كۈنى ئۇيۇقسىزلا تىرىلىپ قالىدۇ. بۇ كارامەتنى كورگەن ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى قورقۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچىدۇ. بەگ ئۇلارنى مىڭ بىر تەسلىكتە ئاران توختىتىپ، كورگەن كارامەت ۋەقەنى ئۇلارغا سوزلەپ بېرىدۇ: ئۇ سويغان ھىلقى ھايۋانات، قۇشلارنىڭ جانلىرى ئادەمگە ئايلىنىپ، ئۇلار خۇداغا ئەرز قىلغىنى ئۈچۈن 4 دىۋە كېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ، خۇدا ئالدىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ يەردە ئۇنى خىلمۇ ـ خىل كارامەتلىك قىيىن ـ قىستاقلار ئارىسىدا سوراققا تارتقانلىقى، سوراقنىڭ ئاخىرىسىدا ئۇنىڭغا ئامان قېلىشنىڭ ۋە ئولگەندىمۇ دوزاقتا چۇشمەسلىكنىڭ بىرلا يولى پەقەت «ئالتۇن ياراق»نى كوچۇرۇپ تارقىتىش ئىكەنلىكىنى خۇدانىڭ ئەزرائىللىرى كورسەتكەندىن كېيىن، بەگ جان ـ دىل بىلەن ماقۇل كورۇپ، ئۇلاردىن گۇنايىنى ژۇيۇشنى چىن كوڭلىدىن تىلىگەنلىكىنى ئاللا كورۇپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھىلقى دىۋىلەر يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ قويغانلىقى، 4 كۈن ئولۇپ ياتقان جەرياندا تېنى بۇ يەردە تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن جېنى ئاشۇ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كوچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھىكايە قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ژۇقۇرقىدەك كۇنالارغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقنى نەسىھەت قىلىدۇ. خىزمەتچىلىرى تارقالغاندىن كېيىن ئۇ بەگلىكتىنمۇ، مال ـ مۇلۇكتىنمۇ كېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ئالتۇن يارۇق»نى كوچۇرۇش قارارىغا كېلىپ كىتاپنى ئىزدەيدۇ... ئۇنى ئاھايىتى تەسلىكتە بىر غاردىكى بۇتخانىدىن تېپىپ، ئۇنى كوچۇرۇش «مۇقەددەس شەرىپى»گە ئىگە بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن ھىكايە تۈگەيدۇ.

بۇ ھىكايىدا ژۇقۇرقى ئىدىيە ئەدەبىياتقا خاس قانۇنىيەت بىلەن ۋەقەلىك ئوبراز، خاراكتېرلەرگە سىڭدۇرۇۋېتىلىپ، ئوبرازنىڭ كونكرېت خاراكتېرى، ئوتكۇر قارىمۇ ـ قارشىلىققا ئىگە بولغان سىۋژېتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇلۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىدىيەنى ئىچىپ بېرىدۇ. ئوبراز ۋە بۇ ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇشنىڭ ئاساسى ئاملى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى خېلىلا پىششىق پىشىلگەن، بەدىي تىل دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن. خاراكتېرلارنى ئاچىدىغان بەدىي ۋاستىلارنى ھەتتا ھازىرقى زامان ھىكايىچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

بۇددا دىنى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ روھىي قورالى سۈپىتىدە كىشىلەر چەككەن ئازاپ ـ ئوقۇبەتنىڭ جاۋاپكارلىقىنى شۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەتتە قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆز زىممىسىگە ژۈكلەيدۇ. ئۇ كىشىلەردە شۇنداق بىر ئىرادىنى تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇكى: ئۇلار پەقەت ئولۇپ، ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇشتىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان گۈزەل تەغدىرلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتچان قىلمىشلىرى بىلەن تەييارلىنىشى، ئۆز تەغدىرلىرىگە قانائەتچانلىق بىلەن سەۋىر ـ تاقەت قىلىشلىرى لازىم.

بۇددا تەلىماتى بويىچە رىيازەت چېكىش، زورۇر ۋە پايدىلىق، سەۋرى ـ تاقەت ۋە ئىتائەتچانلىق مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئانىسى، ئۆزىنى بۇ يولدا قۇربان قىلىش چەكسىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىن ـ بىر ئالىجاناپ شەرەپلىك ئۇسۇلى.

بۇددا تەلىماتىنىڭ مانا مۇشۇ ئىدىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇددانىڭ ئاساسىي كوز قاراشلىرىنى خېلىلا مۇكەممەل ھالدا بەدىي ئەكس ئەتتۇرگەن ھىكايىگە «ئالتۇن يارۇق» تىكى «تېكىنلەر ۋە چىشى يولۋاس توغرىسىدا رىۋايەت» دېگەن ھىكايە تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بۇ ھىكايىدە ژۇقۇرقى ئىدىيەنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان سىيۇژېتنىڭ مۇكەممەل كومپوزىتسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى روشەن بايقىلىدۇ، ئوبراز، خاراكتېرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، تىپىكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، ئوبراز يارىتىش دېتاللىرىنىڭ پىششىقلىقى، بولۇپمۇ ئەسەر تىلىنىڭ تولۇق بەدىي تىل ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھەر ئىككى ھېكايىنىڭ بۇددا ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا ئۇ، شۇ دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى خېلىلا ئوچۇق گەۋدىلەندۇرگەن ۋە مەلۇم رېئالىستىك ئېلېمېنتلارغىمۇ ئىگە.



قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى.

# ئامېرىكىلىقلار 2001 - ژىلقى 11 - سېنتەبىر ۋاقەلىرىنى خاتىرىلىدى





بېيىل 11 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىلىقلار ئۆتكەن ژىلقى 11 - سېنتەبىر ۋاقەلىرىنى بەزىدە قوگغىراق سادالىرى بىلەن، بەزىدە ھەربىي سامولىيوتلارنىڭ قاتتىق گۈرۈلدىگەن ئاۋازلىرى بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇرغان جىمجىتلىقتا ئەسلەپ ئۆتتى.

ئەتىگەنلىكى ۋەيران قىلىنغان دۇنياۋىي سودا مەركىزىنىڭ ئورنىدا ھالاك بولغان ياكى دەرەكسىز يوقاپ كەتكەن بارلىق 2 مىڭ 801 ئادەمنىڭ ئىسىملىرىنى ئائىلە ئەزالىرى ۋە روھانىيلار ئوقۇپ ئۆتتى. بىر يېرىم سائەتلىق چارە - تەدبىر مىنۇتلۇق سۈكۈت بىلەن باشلاندى ۋە ئاياقلاشتى. شۇنداقلا مۇستەقىللىق دېكلاراتسىيەسى ۋە گېتتىسبېرگ مۇراجىيىتى ئوقۇلدى.

پۈتكۈل نيۇ - يوركتا خاتىرىلەش چارە - تەدبىرلىرى يەرلىك ۋاقىت بويىچە سائەت 8 دىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە باشلاندى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىرىنچى سامولىيوت سودا مەركىزىنىڭ مۇنارىسىغا ئۇرۇلغان ئىدى. بۇ پاجەنىڭ باشلىنىشى ئىدى. تېخى ھېچ كىم ھېچ نەرسە چۈشەنمىگەن. دەسلەپكى ھېسسىيات - بۇ ھالاكەت. پاجەنىڭ تەپسىلاتىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. سائەت 9 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە بوستون - لوس - ئانژېلېس رېيسى بىلەن ئۇچقان سامولىيوت دۇنياۋىي سودا مەركىزىنىڭ جەنۇبىي مۇنارىسىغا ئۇرۇلدى. سائەت 9 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ساراسوتا شەھرىدە (فلورىدا شتاتى) بولۇۋاتقان ئا ق ش پرېزىدېنتى ج. بۇش تېررورلۇق ھۇجۇملارنى ئەيىپلەيدىغان بىلدۈرۈش قىلدى. سائەت 9 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئا ق ش فېدېرال ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن نيۇ - يوركنىڭ بارلىق ئاېروپورتلىرى يېپىلدى.

سائەت 9 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە بارلىق ئۇچۇشلار مەنئىي قىلىندى. سائەت 9 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ۋاشىنگتون - لوس - ئانژېلېس رېيسى بىلەن ئۇچقان سامولىيوت ۋاشىنگتوندىكى پېنتاگون (ھەربىي مەھكىمە) بىناسىغا ئۇرۇلدى.

سائەت 10 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە دۇنياۋىي سودا مەركىزىنىڭ جەنۇبىي مۇنارىسى غۇلىدى. سائەت 10 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە پىتتسبۇرگقا (پېنسىلۋانىيە شتاتى) يېقىن جايدا نيۇ - يورك - سان - فرانسىسكو رېيسى بىلەن ئۇچقان سامولىيوت غۇلىدى. سائەت 10 دىن 27 مىنۇت ئۆتكەندە دۇنياۋىي سودا مەركىزىنىڭ شىمالىي مۇنارىسى غۇلىدى. نەق مۇشۇ ۋاقىتتا ئەندى بېيىل 11 - سېنتەبىر كۈنى نيۇ - يوركتا ماتەم مەراسىمى ئاياقلاشتى. مەراسىم نۆۋەتتىكى بىر مىنۇتلۇق سۈكۈت بىلەن تاماملاندى. قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېلىپبە تەرتىۋىدە ئېيتىپ ماڭغان ئۈززۈنغا سوزۇلغان ئادەملەر ئېقىمى ئالدىدا شەھەرنىڭ سابىق باشلىقى رۇدولف جۇلىيانى ماڭدى. بۇ مەراسىمغا شۇنداقلا ئا ق ش دولەت كاتىپى كولىن پاۋېلل، ئاكتيور روبېرت دې نىرو ۋە سېناتور خىلارى كلىنتون ئىشتىراك قىلدى.

شۇنداقلا ئەمەلىياتتا ئا ق ش نىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە بىر مىنۇتلۇق سۈكۈت ساقلاش بولۇپ، ئۇلاردا بۇ كۈن داۋامىدا بارلىق ئاكتىۋلىق توختىدى. لوس - ئانژېلېسنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا يەرلىك ۋاقىت بويىچە سائەت 5 تىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە قوڭغىراقلار چېلىنىشقا باشلىدى. ئوكلاخوما - ستى شەھرىنىڭ مىللىي مېمورىيالىدا ئامېرىكا يېرىدىكى دەھشەتلىك تېررورلۇق ھەرىكەتنىڭ قۇربانلىرىنى خاتىرىلەش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى. ئامېرىكىدا يەنە ئەڭ ئېگىز قەۋەتلىك بىناغا ئايلانغان سىئارس تاۋېر جايلاشقان چىكاگودا يەرلىك ئاھالى ئۈچ مىنۇتلۇق سۈكۈت ساقلاش مەراسىمىنى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى دېلېي مەيدانىدا ھەر خىل دىن ۋەكىللىرىنىڭ ئىبادىتى باشلاندى.

**كودا ئەخبارات ئاگېنتلىقى.**

---

**نام - ئاتاقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر**

## مانى كەنتى

*ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھوكۇمىتى تۇرۇشلۇق توقفۇزاق بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپى «ژۇقۇرقى مەنگەن»، شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى «ھاساتام» دەپ ئاتىلىدۇ.*

*سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قەشقەرگە كېڭەيتىشتىن ئىلگىرى «مانى كەنتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولغان ئىكەن. بۇ شەھەرنى ئوراپ تۇرغان سېپىل «ھەسارتام» (كېيىنچە ھاساتام دەپ ئاتالغان) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قاتار ئېچىلغان بەش دەرۋازىسى بولۇپ، قاپ ئوتتۇرىسىدىن پادىشاھ كىرىدىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى «ئاقباشخان» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىككى ياندىكى ئارا دەرۋازىدىن ۋەزىر - ۋۇزۇرالار ۋە باشقا ئوردا خادىملىرى كىرىدىكەن. ئەڭ چەتتىكى كىچىك دەرۋازىدىن پۇخرالار كىرىپ، چىقىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھ ۋە پۇخرالىرى مانى دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن. مانى دىنى بۇ شەھەردە ناھايىتى ئۇۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىكەن. ھەر قېتىملىق دىنىي مۇراسىملاردا كەڭ كولەملىك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدىكەن؛ بۇ شەھەرنىڭ پۇخرالىرى مانى دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن، باشقا دىنلارنى زادى قوبۇل قىلمايدىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەرنى ئۆزى ئېتىقات قىلىدىغان مانى دىنى بىلەن باغلاپ «مانى كەنتى» دەپ ئاتايدىكەن.*

*سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دائىرىسىدىكى شەھەر، ئايماق - يېزىلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاپتۇ. بەزىلىرى قوبۇل قىپتۇ، بەزىلىرى قوبۇل قىلماپتۇ. مانى كەنتى پۇخرالىرى ئۆز دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. جەڭ شۇنداق بوپتىكى، ھېچ كىم ھېچ كىمدىن يانماپتۇ، بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان جەڭدە تولۇق قوراللانغان سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى ئۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپتۇ، تىرىك قالغانلار ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. شەھەرنى ئالغان سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىپ، شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئورۇلمەي قېلىپ قالغان قىسمى - «ھاساتام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابىگە ئايلىنىپتۇ.*

*دېمەك، مانى كەنتى (مەنگەن) قەدىمكى زاماندا مانى دىنى ئۇۋج ئالغان بىر شەھەر بولۇپ، ھسارتام ئۇنىڭ سېپىلى ئىكەن. كېيىنچە «مانى كەنتى» مەنگەنگە، «ھسارتام» ھاساتامغا ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. 1955 - ژىلى كونىشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھوكۇمىتى توقفۇزاق بازىرىغا كوچۈپ كەلگەندىن بۇيان، «مەنگەن كەنتى» «توقفۇزاق» دەپ ئاتىلىپ بۇ كىچىك بازار گۈللەنگەن، ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ سىياسىي، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.*

***«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» كىتاۋىدىن ئېلىندى.***

---

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇزۇن ژىللىق مۇخلىسى ئەخمەتجان ئاكا رەخموۋ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە جامبۇل ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن يېزىلغان كوپلىگەن ماقالىلىرى بىلەن ياخشى مەلۇم. تاراز شەھرىنىڭ 2000 - ژىللىق مەرىكىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەخمەتجان ئاكا بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى بىزگە ئەۋەتكەن ئىكەن. دىققىتىڭلارغا ھورمەتلىك گېزىتخان، ئەينە شۇ شېئىرلاردىن بىر نەچچىسىنى ھاۋالە قىلىمىز.**

ئەخمەتجان رەخموۋ

### جامبۇل ھەيكىلى ئالدىدا

زوقلۇنۇپ ئالدىدىن ئۆتىمەن قاراپ،
ئەل يۈرتنى كۆيلەپ ئۆتكەن جامبۇلغا.
ئۆتمۈشكە غەزەپ بىلەن كوزىنى تىكىپ،
بۈگۈنكىنى ئارمان قىلغان ئاقىنغا.

ئۇلۇق ئاقىن جامبۇل ئاتام ھەيكىلى،
شەھەر ئىچى گوزەل جايغا ئورنىتىلغان.
ژىلنىڭ قايسى پەسلى كورسەڭ ئالدىنى،
گۈل قويۇپ ئوغۇل - قىزى ئالقىشلىغان.

قەلەمنى تۇتۇپ جامبۇل قورال قىلىپ،
دۈشمەنگە سوز بىلەن ئوقنى ئاتقان.
ئۇلۇق ۋەتەن غەلىبىسى بىزدە دەپ،
ئىشەنچىگە مەدەت بوپ كۈچىنى قاتقان.

ئۇ خۇددى تىرىك مەغرۇر ئادەم كەبى،
شەھرىمگە چوڭ سولەت قوشۇپ تۇرغان.
خەلق كورۈپ تۇرغان بەخت شاتلىقىنى،
دومبىراغا قاتقاندەك قاراپ تۇرغان.

ھورمىتىنى ئىزھار قىلىپ ھەر كۈنى،
ئۆتىمەن زوقلۇنۇپ ئالدىدىن مەنمۇ.
ئۇلۇق ئاقىن جامبۇل ئاتامغا،
چىن ژۈرەكتىن مۇھەببەت باغلاپ مەنمۇ.

### تاراز ئىلھاملىرى

سالام قىلدىم قولنى قويۇپ كوكسۈمگە،
بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ ساڭا كىرگەندە.
ژۈرەك كۈلمەي كوڭلى قانداق چىدايدۇ،
ئۇيغۇر بالاڭ كېلىپ سېنى كورگەندە.

راس كوردۇممۇ يالغانمۇ دېگەن كەبى،
كوزۇمنى ئالماي ھەر يان قارار ئىدىم.
تازىم قىپ تۇپرىغىڭغا سەجدە قىلسام،
دېگىنىمگە بۈگۈن مەن يەتكەن ئىدىم.

ئېھ سۆيۈملۈك گوزەل شەھەر تارازىم،
ئەتراپ يېشىل گۈل ئېچىلغان باھار ئاي.
ھايات خوشال كۈندۈز بىلەن كېچەڭدە،
ئاسمىنىڭدا كۈلۈپ قۇياش، تۈندە ئاي.

ئەمگەك سويگەن ئادەملىرىڭ شات ئىكەن،
باسقان قەدەم ئۇتۇقلارغا يار ئىكەن.
شاتلىقىغا ئاۋاز قوشقان بۇلبۇلنىڭ،
چالغان نەغمە - ناۋالىرى جور ئىكەن.

زامانىڭدا كۈلۈپ ھەر كۈن تاڭ ئاتقان،
تاڭنى سويۈپ قۇياش كۈلۈپ نۇر سەپكەن.
ئىككى مىڭ ژىل بولدى دېگەن تارازغا،
يولۇڭ بار يېگىپ مۇشكۈل بېسىپ ئۆتكەن.

مېۋىزارلىق باغلىرىڭ كوزنى تارتار،
مەي باغلىغان مېۋە - چېۋە بال ئىكەن.
كۈل چىمەن باغلاردا ئوغۇل - قىزلىرىڭ،
شوخ كۈلكىسى نەغمە - سازغا جور ئىكەن.

ئەۋلىيا - ئاتا دەيمۇ ئاتاپ كەلگەن،
ئەۋلىيادەك خاسىيىتىڭ بولغاشقا.
جامبۇل شەھرى دەيمۇ سېنى ئاتىغان،
جامبۇل كەبى سويۈپ ھورمەت قىلغاشقا.

مۇبارەك قوينۇڭنى قىلىپ زىيارەت،
شەپقەتلىك مېھرىڭگە چومۇلۇپ ژۈردۇم.
مەرىپەت ئىلمىڭدىن بەھرىمان بولغان،
بىلىملىك ئوغۇل - قىز خەلقىڭنى كوردۇم.

ئېھ شەھرىم تاراز بولماس ئېيتماسقا،
قەلبىمنى چېكىپ ژۈردى ئۇتلۇق ئىشقىڭ.
ئاشىق بولماي ساڭا مەن قانداق چىداي،
كوڭۈلدە ئويناپ تۇرسا مۇھەببىتىڭ.

ئەي سۆيۈملۈك گوزەل شەھەر تارازىم،
چەكسىز پارلاق كېلەچىگىڭ ئالدىڭدا.
ئازاتلىقتا، ئەركىنلىكتە خەلقىڭنىڭ،
قانات - قاققان ئارمانلىرى ئالدىڭدا.

---

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىراتى بەلگۈلۈك دوختۇر، گېزىتىمىزنىڭ جانكويەرى
**ئەخمەتجان روزىنىڭ**
ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋاباتىغا ۋە قوم - قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىراتى گېزىتىمىزنىڭ جانكويەرى
**رابەگۈل ئابدۇرېشىت ھاجىم قىزىنىڭ**
پاجەلىك ھالاك بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋاباتىغا ۋە قوم - قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىراتى گېزىتىمىزنىڭ جانكويەرى، ئالمۇتا شەھرى 1 - مىكرورايوننىڭ ۋىگىت بېشى ۋاپاخان قۇربانوۋقا رەپىقىسى
**خانقىزنىڭ**
ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

---


باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېيەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت،
813 - خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1238 زاكاز 9698

تېلېفون:
59 - 84 - 73

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Отпечатано в ЗАО «Дәуір».
480044, г. Алматы. ул.Жибек жолы, 50.

М 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 П 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10